مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال




2
2007

ISSN 1004-3829
04>
9 771004 382027

# نورۇز پائالىيەتلىرى





غەيرەت مەتتمىن فوتوسى



# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال    2007 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمىي 100 ـ سان)



باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: ( 0991) 4554017
Fax: ( 0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
**E-mail:** mirasuyghur @ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## ئالىم بولساڭ ئالەم سىنىڭكى

ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى......... ئەنۋەر سەمەد قورغان **(1)**
قەشقەر قوغۇنى............................................ غازى ئەھمەد **(5)**
ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە «نان» ......... ئەمەتجان ئابدۇللا **(44)**
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىككىنچى ئانا تىلىڭ.........
........................................ كارىم دۆيسەنباي ئوغلى **(50)**
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش دېتاللىرى............ ئابدۇۋارىس رەھىم **(61)**
ئۇيغۇرلاردا شۇڭقار مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى.........
............................................ ئىدرىس قۇددۇس ئەركزات **(70)**

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ قويۇش ئادىتى............ نۇربىيەمگۈل ئىسمائىل **(11)**
لۈكچۈن خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى.................... ئېلى مۇھەممەد **(47)**
تاغ خەلقىنىڭ قوندۇرۇق ئادىتى...................... دىلشات ھەبىبۇللا **(67)**

## ھەر گۈلنىڭ يۇرىقى باشقا

قەھرىمانلار ۋە ئىلاھلار......................... بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى **(16)**
قولىيازمىلارنى يىغىپ ساقلىغۇچى.............. مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى **(56)**

## ئايدىڭ كېچىلەر

قارىماندىن يەر ئالدىم.................. توپلىغۇچى: مۇھەممەد توختى ئەھمەد **(25)**

بىزنىڭ تۇرانىمىز ـ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !

بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز ـ ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !

## ھېكمەت خەزىنىسى

ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار..................
.................... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (27)

## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر

كۈلكە داۋانلىرى.................... ماخمۇت مۇھەممەد (32)

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

دوپپا ئويۇنى.................... مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (68)

## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.................... ئەزىزە تۇيغۇن تەرجىمىسى (77)

بەت ئاستىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى **ئابدۇخېلىل مىرخېلىل** تەمىنلىگەن.
مۇقاۋىنى **ئادىل ھوشۇر** لايىھىلىگەن

# 主 要 目 录

哈密瓜........................................ 阿孜.艾买提 (5)

维吾尔妇女的长发习俗 .......... 努尔比亚古丽.司马义 (11)

维吾尔饮食文化中的“囊”.................. 艾买提江.阿布都拉 (44)

非物质文化遗产第二语...................... 卡力木.多赛巴依 (50)

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: HURSANAY MAMTIMIN

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار نورۇز
بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن كونا، يېڭى ئاپتورلارغا،
ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**

主编:
**玉素甫.依莎克**
副主编:
**穆合塔尔.穆罕默德**
责任编辑:
**胡尔仙阿依.买买提明**
主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
**E-mail**: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥

# ئۇيغۇرلاردىكى بېمەك - ئىچمەك پەرھىزلىرى



ئەنۋەر سەمەت قورغان

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئۇيغۇرلار داستىخان ئۈستىدە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. ئەمما داستىخان ئۈستىدىكى بەزىلەر تاماق يەۋاتقاندا يەپ بولغانلار دۇئا قىلمايدۇ. ئەگەر يەپ بولغۇچىلار جىددىي ئىشى بولۇپ قېلىپ، دۇئا قىلىپ داستىخاندىن قوپۇشقا توغرا كەلسە، يەپ بولغانلار دۇئا قىلىۋاتقاندا، تاماق يەۋاتقانلار قاچىسىنىڭ ئۈستىنى قولى بىلەن توسۇۋالىدۇ ياكى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ بىر خىل ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدۇر. ناۋادا مۇشۇنداق قىلمىسا تاماقنى دۇئا بېسىۋالارمىش ۋە ئۇنى يېيىشنى توختىتىش زۆرۈر بولۇپ قالارمىش. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار:

«بىسمىللا» تېشىڭدا دە، دېمىگەنلەر دېسۇن،

«شۈكۈر» دېسەڭ ئىچىڭدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن.

بۇنىڭدا دېمەكچى بولغىنى، ئالدىن شۈكۈر ياكى دۇئا قىلىش ئارقىلىق، تاماق يەۋاتقانلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىق ياكى ئۇلارنى تامىقىنى قويۇپ بولدى قىلىشقا مەجبۇر قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

سۇ ۋە چاي ئىچكەندە، ئۇيغۇرلار (مەيلى چاي ئىچسۇن ياكى سۇ ئىچسۇن) بىر تەرەپتىن قاچا ئىچىگە تىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىچمەيدۇ. بۇنداق قىلسا سۇ ياكى چاي مەكرۇھ بولىدۇ، دەپ ئىسلامىي مەنبەلەردە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر سۇنىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئىچىشتىن پەرھىز قىلاتتى. خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن قىزىقارلىق بىر ئادەت شۇكى، ئىككى ئادەم بىر قاچىدىن سۇ ئىچىشكە توغرا كەلسە، بىرى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرى سۇنى ئىچىشتىن بۇرۇن ئازراق تۆكۈۋېتىپ ئاندىن ئىچىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇلاپلا ئارقىدىن ئىچمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قالارمىش. بۇ ھېسسىي تەسىر سېھىرگەرلىكىدىكى «ئۇچرىشىش قانۇنىيىتى» ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر ئىرىملىك قاراشتۇر. ئۇيغۇرلار چايخۇمار خەلق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە چاي ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار چاينى دەملەپ بولغاندىن كېيىن پىيالىگە قۇيغاندا ھەرگىزمۇ چەينەكنى ئېگىز تۇتۇپ چاينى سورۇپ قويمايدۇ. چاي قۇيغاندا پىيالىدە كۆپۈك چىقىپ كەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. باشقىلارغا سۇنغاندا بىر قوللاپ سۇنمايدۇ. ئالغۇچىلارمۇ بىر قوللاپ ئالمايدۇ. يەنە بىر قاراشتا، قىزلارنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيغاندا قىزلار پىيا-

لىسنى كۆتۈرۈپ بەرمىسە، نىكاھى يۇرۇشمەي قېرى قىز بولۇپ قالارمىش. بۇ قاراش ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەدەپ ـ ئەخلاق قارىشىدىن باشقا يەنە ئاز ـ تولا سېھرىي تەركىبمۇ بار.

ئۇيغۇرلار مېۋە يېگەندە پاكىز يېيىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مېۋىنى ئىسراپ قىلىشتىن، تاشلىۋېتىشتىن، دەسسەپ ـ چەيلەشتىن پەرھىز قىلىدۇ. قوغۇن ۋە تاۋۇز پىچقاندا، قوغۇن، تاۋۇزنىڭ ئارقىسىدىكى ساپاق قىسمىنى يۇملاق ھالەتتە كېسىۋەتكەندىن كېيىن، ئاشۇ يۇملاق شەكىلدىكى شاپاقنى ئىككى ياكى تۆت پارچە قىلىپ كېسىۋېتىدۇ. ناۋادا ئۇنى پۈتۈن قويۇپ، قويسا جىنلار يۇملاق شاپاقنى چۆرگىلىتىپ، دومىلىتىپ ئوينايدۇ، دەپ جورۇيدۇ. شاپىلاقلىۋېتىپ، ياپىلاق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن يەيدۇ. شاپىلاقلىماي يۇملاق پېتىلا ئېغىزغا سېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئەنجۈرنى شاپىلاقلىۋېتىپ يېيىش ھەققىدە «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان: ئادەم بىلەن ھەۋۋا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن يېمەكلىك بۇغداينى يەپ گۇناھكار بولغاندىن كېيىن، نومۇسنى بىلدى، بۇغداي قورسىقنى ئاغرىتىپ تەرەت قىلغۇسى كەلدى ھەم يالىڭاچلىق خىجالىتىدىن تەڭلىكتە قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەۋرىتىنى يېپىش ئۈچۈن بىر نەچچە ياپراق سورىۋېدى، دەرەخلەر رەت قىلىپ ياپراقنى بەرمىدى. ئەمما ئەنجۈر ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ياپراقنى بەردى. ئاللاھ تائالا ئەنجۈرنىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنى خەلق ئىچىدە ئەڭ ئەزىز مېۋە قىلدى. ئەمما ياپراقنى ئادەمگە رۇخسەتسىز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەنجۈرگە چېچەكلىمەي مېۋە بېرىش ۋە ئادەملەر مېۋىسىنى يېگەندە كاچاتلىۋېتىپ (شاپىلاقلىۋېتىپ) يېيىش جازاسىنى بەردى». (نەسرىددىن رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر) بۇ بىر رىۋايەتتۇر.

ئۇيغۇرلار يەنە قازان، قوشۇق، چۆكا، قاچا، قازان قويىدىغان تەگلىك قاتارلىق تاماق سايمانلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى ئاتلاپ ئۆتىدىغان، دەسسەيدىغان ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ. قازاننى ئاتلىسا، پۇتى ئاغرىقچان بولىدۇ، قازان قارىسىدىن ئاتلىسا، قارىغا كېتىدۇ (سەۋەبسىز تۆھمەتكە، ئۇۋالچىلىققا قالىدۇ دېمەكچى)، قازان قويىدىغان تەگلىك (تۈۋلۈك)نى ئاتلىسا ۋە تەپسە بالىسىنىڭ قۇلقىدىن يىرىك ئاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇپ، تاماق سايمانلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدىغان قىلىقلارنى چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىدە يەنە قازاننى ساپلىق بىلەن قىرسا، شۇ ئۆيدىن بەرىكەت كېتىدۇ. تۇۋاق ئۈستىدە بىر نەرسە كەسسە، بالىسى گاچا بولۇپ قالىدۇ دەيدىغان، پىچاقنى قازانغا سۈركەپ بىلىمەيدىغان، بەلكى چىنىلەرنىڭ ئاستى تەرىپى بىلەن ياكى بىلەي تاش بىلەن بىلەيدىغان ئادەتلەر بار. بۇ ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خۇراپىي ئادەتلەردۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپتىدائىي تەپەككۇرغا خاس ھېسسىي سېھرگەرلىكى ئىچىدىكى «ئوخشاشلىق» پرىنسىپىدۇر. قىسمەنلىرى (مەسىلەن، قازان تۇۋىقى ئۈستىدە بىر نەرسە توغرىماسلىق) تەجرىبىۋى خاراكتېرلىك ئادەتلەردۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن تۆشەكلىكنى پاكىز ۋە قۇرغاق تۇتۇش ـــ تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاياللار ئىمكانقەدەر ئۆز تۆشەكلىكىنى پاكىز، رەتلىك، قۇرغاق تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. تاماق ئېتىدىغان جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەزىدە بىر ئايالنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە قىسمەن يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئاياللارنى تۆشەكلىكنى پاكىز ۋە قۇرغاق تۇتۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدىغان مۇنداق بىر چەكلىمە بار: «قايسى ئايال تۆشەكلىكنى ھۆل تۇتسا، ئۆلگەندە قەبرىسىدىن سۇ چىقىپ كېتىدۇ». گەرچە تۆشەكلىكنى ھۆل تۇتۇش بىلەن بىرەر ئايالغا قازغان قەبرىنىڭ يەر شارائىتىنىڭ نەم بولۇشى سەۋەبىدىن سۇ چىقىپ كېتىشى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمىسىمۇ، ئەمما، ئوخشاشلىق قارىشى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇشۇنداق چەكلىمە ئاياللار ئۈچۈن، «تۆشەكلىكنى ھۆل تۇتما» دېگەن تەنبىھتىن بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۆشەكلىك ئەنئەنىسىدە قاچا ـ قۇمۇچلارنى پاكىز، رەتلىك تۇتىدىغان ئادەت بار. قاچا ـ قۇمۇچنى پاكىز يۇيۇش، ئىچى ـ تېشىنى ئوخشاشلا يۇيۇش ئېسىل ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇيغۇرلار قىز ـ ئاياللارنىڭ قاچا ـ قۇمۇچلارنى پاكىز يۇيۇشىنى، يۇيغاندا يەرگە كۆپ سۇ چاچرىتىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرىكى زامانلاردا بىرەر ئادەم بىرەر كىشىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن شۇ قىزنى ئاق كىگىز ئۈستىدە قاچا ـ قۇمۇچ يۇيغۇزۇش بىلەن سىنايدىكەن. ئەگەر قىز قاچا ـ قۇمۇچ يۇيۇش جەريانىدا سۇ چاچرىتىۋەتسە، سۇ تامچىلىرى ئاق

كىگىز ئۈستىدە ئاسانلا بىلىنىپ قالىدىكەن-دە، قىز سىناقتىن ئۆتەلمىگەن بولىدىكەن. بۇ بىر ھېكايە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى مەسىلە قىز-ئاياللارنىڭ قاچىنى پاكىز يۇيۇشى، تۆشەكلىكنى ھۆل قىلىۋەتمەسلىكنى تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئانىلىرى قىزلارنىڭ قاچا-قۇمۇچ يۇيغاندا ناخشا ئېيتىشتىن بەك چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا «غالچىغا تېگىپ قالىدۇ» ياكى «قېيىنانىسى تولا كايىلدايدىغان بولىدۇ» دەپ قىزلىرىنى قورقۇتۇپ، ئاشۇنداق قىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بالىلارنىڭ قاچا-قۇمۇچلارنى ئۇرۇپ ئوينىشىنى، چوكا ياكى قوشۇقلارنى قاچىغا ئۇرۇشنى (تاماق ۋاقتىدا ياكى ئادەتتىكى چاغلاردا) چەكلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا، ئۆيدە جېدەل-ماجىرا چىقىدۇ، دەپ ئىرىمدايدۇ. قاچا يۇيغاندىن كېيىن دەسمال پاكىز يۇيۇلۇپ، يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. مۇنەك ھالەتتە قويۇپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولارمىش. بەزى ئائىلىلەردە يەنە يۇقىرىقى پرىنسىپقا تايانغان خۇراپىي قاراش بويىچە، ئەرلەر تاماق يەيدىغان قاچا (بۇنداق قاچا باشقىلارنىڭ قاچىسىدىن نىسبەتەن چوڭراق بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ) ئۈستىگە قازان تۈۋىقىنى يېپىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى خەلق ئىشەنچىسىدە بارلىق تۆشەكلىك سايمانلىرى ئاياللارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنداق نەرسىلەر ئەرلەرنىڭ قاچىسى ئۈستىگە قويۇلسا، شۇ ئۆيدە ئەرنىڭ گېپى ئۆتمەس، خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇرلار چۆچۈرىنى تۈگۈپ تىزغاندا رەتلىك ۋە زىچ تىزىشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. قالايمىقان تىزىشتىن، شالاڭ تىزىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، شۇ كىشى ئۆلگەندە نامىزىغا ئادەم ئاز كېلىپ قالارمىش. ئۆلۈم نامىزىغا ئادەمنىڭ ئاز كېلىشى خەلق نەزەرىدە ياخشى ئەھۋال ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدا چۆچۈرىنى شالاڭ تىزىش گوياكى ئۆلۈم نامىزىغا ئاز ئادەم كېلىشىگە ئوخشىتىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ياركەنت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، چۆچۈرىنى تۈگۈپ بولۇپ، قازانغا سالغاندا، تاق سالمايدىغان، بەلكى جۈپ-جۈپتىن سالىدىغان ئادەت بار. يەنە شۇ قاراش بويىچە ناۋادا تۈگۈلۈپ بولغان چۆچۈرىلەرنى قازانغا جۈپ-جۈپتىن سېلىپ، سۇپرا ياكى تاختىدا ئېشىپ قالغان چۆچۈرە جۈپ بولسا خاسىيەتكە، تاق بولسا يامانلىققا جورۇلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ توي-تۆكۈن، ئەر-خوتۇنچىلىق ۋە ئائىلىۋى ئىشلاردا جۈپ سانىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پىشقان ئاشنىڭ تۈز-تەمىنى تېتىشتا ئۇنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەمنىڭ تېتىشىنى يامان كۆرىدىغان ئەھۋال بار بولۇپ، بۇ بەلكى كىشىلەرنىڭ تېتىش تۇيغۇسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ئاشنىڭ تۈز تەمى ھەققىدە كېلىپ چىقىدىغان تالاش-تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان بىر خىل ئادەت بولسا كېرەك.

ئوتۇن، ئوچاق ۋە تونۇر قاتارلىق نەرسىلەرگە ئائىت ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر قىسىم ئىرىملىك قاراش بار. ئۇيغۇرلار ئوچاقنى پاكىز تۇتىدۇ. مەخسۇس ئوچاق بېشىنى، تونۇر بېشىنى سۈپۈرىدىغان كىچىك سۈپۈرگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى بىخەستىلىك قىلىپ بولسۇن، ئوچاقنىڭ ماڭلىيىنى دەسسىمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا بالىسىنىڭ قاڭشىرى پەس بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوچاقنى ئاسراش ئۈچۈن توقۇلغان تەنبىھتۇر. يەنە ئوچاقنى تېپىپ ئولتۇرسا پۇتى ئاغرىقچان بولىدۇ، ئوچاققا سۇ سەپسە، ئوچاق بېشىدىن ئاتلىسا ئەرۋاھ قارغايدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئوچاققا قازان ئاسقاندا، قازاننىڭ تۇتقۇچىنى ئىشىككە قارىتىپ قويسا ئۆي ئىچىدە ئۆلۈم-يېتىم بولىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. بۇ پەرھىزلەر ئەنە شۇ قەدىمدىن قالغان ئادەتلەر جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خۇراپىي پەرھىزلەردىن يەنە كېچىدە ئوتۇن يارمايدىغان، تۇغۇلغان بالىسى توكۇر بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئىلمەك ئوتۇن قالىمايدىغان، بولۇش ئالدىدا تۇرغان توي يېنىپ كېتىدۇ، دەپ قاراپ، قالاش ئۈچۈن ئۆيگە ئەپكىرگەن ئوتۇننى ئەپچىقىۋەتمەيدىغان، تۇغقاندا بالىسى تەتۈر تۇغۇلۇپ قالىدۇ دەپ قاراپ، ئوتۇننى تەتۈر (توم تەردپىنى كېيىن، پۇتاقلىق تەرىپىنى بالدۇر سېلىش) قالاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنىڭ ئاز بىر قىسمىدا ئەمەلىي قولايلىقلىق ئىزدەلگەن بولسا، كۆپىنچىسى سېھرىي قاراشتىن پەيدا بولغان خۇراپاتلىقتۇر. بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئوچاقتا كۆيۈپ بولالمىغان چوغچۇلنى ئوچاق بېشىغا ئېلىپ قويسا، كىشى قەرزدارچىلىقتىن قۇتۇلالماسمىش. ئەمەلىيەتتە كۆيۈپ بولمىغان چوغچۇلنى ئوچاق بېشىغا قويسا، ئوچاق بېشىنى قارا قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۆينىمۇ ئىس-تۈتەك قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال يوشۇرۇلۇپ، ئاشۇنداق بىر نەتىجىنى شۇ ھەرىكەتنى توسۇشقا ۋاستە قىلىدۇ ۋە چوغچۇلنى يەرگە ئېلىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ چوغنى ئۆچۈرىدۇ. ئاش پىشىپ قازانى

ئوچاقتىن چۈشۈرگەندىن كېيىن دەرھال تۈۋاقنى يېپىپ، ئاشنى ئاز ـ تولا دەم يېگۈزىدۇ. ناۋادا ياپمىسا ئاش مۇرادىغا يەتمەيدۇ، ئاش تىنىۋالمىسا، شۇ ئائىلە كىشىلىرى تىنماي ئۇرۇشىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ. بۇ يەردىكى «مۇرادىغا يېتىش» ئاشنىڭ تىنىپ ئاز ـ تولا سوۋۇۋېلىشىنى، قويۇق ـ سۇيۇق قىسمىنىڭ ئايرىلىشىۋېلىشىنى كۆرسەتسە، يەنە ئاشنىڭ ھەقىقىي پىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشنىڭ تەمى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ئۇيغۇرلار نان يېقىۋاتقاندا تونۇر بېشى ۋە ئەتراپىدىكى كەيپىياتنىڭ مۇقىم، سۈرلۈك بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەرقانداق بىر بىخەستىلىك سەۋەبىدىن نان ئوخشىماي قېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار كىچىك بالىلارنىڭ ۋە «كۆزى يامان» ئادەملەرنىڭ تونۇر بېشىغا چىقىشىنى چەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئوچاقتا ناننى ئاياللار ياقىدۇ، ئەرلەر ياقمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما تونۇرغا نان يېقىش نىسبەتەن قىيىن ئىش بولغاچقا، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ياقىدۇ. ئەمما ئاياللار نان يېقىۋاتقاندا ئەرلەر تونۇر بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرسا، ئوخشاشلا نان چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئاشۇنداق قىياپەتتە ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. يەنە ھەيزدار ئاياللارمۇ تونۇر بېشىغا چىقسا، تونۇرنىڭ يۈزى قىزىۋېلىپ نان ئوخشىمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى پەرھىزدە جىنسىي ئەزانى ۋە ھەيز قېنىنى پاسكىنا دەپ قاراش ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قىسقىسى، تونۇرغا نان ياققاندا «ناپاك ئادەم» جۈملىسىگە كىرىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ تونۇر بېشىغا چىقىپ، پىشىۋاتقان نانغا قاراپ تۇرۇشى چەكلىنىدۇ.

ئاشنىڭ سۈيىگە تۈز ئارىلىشىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار ئۇنى سىرتقا قالايمىقان تۆكمەيدۇ، ئىسراپ قىلمايدۇ. ئادەمدىن ئاشسا ھايۋانغا بېرىدۇ، ھايۋاندىن ئاشسا ئاندىن ئادەم دەسسىمەيدىغان جايلارغا تۆكۈۋېتىدۇ. ئاش سۈيىنى يولغا، قان ئاققان يەرگە تۆكۈشتىن، كىر يۇيغان يۇندا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈشتىن، ئاش سۈيى تۆكۈلگەن جايلارغا ھاجەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. كىشىلەر تۈز ئارىلاشقان ئاشنىڭ سۈيىنى تۆكۈدىغان ئەۋرەز ياكى چارۋىلار يېمەكلىك يەيدىغان ئوقۇر يەنى يالاقنى دەسسىمەيدۇ، ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، ئۈستىگە ياكى ئەتراپىغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت سۇندۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، تەرەت سۇندۇرغۇچىنىڭ كۆتىگە جاراھەت چىقىدۇ، دەپ جورۇيدۇ.

* * *

يۇقىرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت پەرھىزلەر، يېمەك ـ ئىچمەك ئۇسۇلىغا ئائىت پەرھىزلەر ۋە تاماق ئېتىشكە ئائىت پەرھىزلەر قاتارلىق ئۈچ تېما ئاستىدىكى بارلىق چەكلىمىلەر ـ يېيىلمەيدىغان ۋە ئىچىلمەيدىغان غىزالار، غىزالىنىشتىكى قوللىنىلمايدىغان تەرزلەر، تاماق ئېتىشتىكى ئىرىملىك قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئومۇمىي قىياپىتىدۇر. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئىلمىي ھالەتتە، ساغلاملىقنى ئاسراش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئەمەلىي چەكلىمىلەر ۋە قائىدىلەر، يوسۇن تۈسىنى ئالغان ئۇسۇللار بار بولۇپ، ئۇلار ئۆرپ ـ ئادەت كاتېگورىيىسىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە توختالمىدۇق. يۇقىرىدا تەھلىل قىلىنغان پەرھىز ئادەتلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بۇ پەرھىزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆپ خىل، نۇرغۇنلىرىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە خۇراپىي ئامىللار سىڭىپ كەتكەن. ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسىدا ۋە ئادىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە. نۇرغۇن تائام تۈرلىرى، غىزالىنىش ئۇسۇللىرى ئەمەلدىن قېلىپ، يېڭىدىن تائام تۈرلىرى ۋە غىزالىنىش تەرزى مەيدانغا كەلمەكتە. مۇشۇ ئەھۋالغا ئەگىشىپ يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرىدىمۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق. ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدىكى يېمەك ـ ئىچمەك پەرھىزلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى مەقسەت ئەنە شۇ قىزىقارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىچىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئۇسۇللىرىنى ۋە ئوزۇقلىنىش ئەخلاقىنى تەرغىب قىلىپ، كىلىمات، مىزاج، ئېھتىياج، ۋاقىت، پەسىل ۋە سان ـ سۈپەت بويىچە ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىچىدىكى خۇراپىي تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، غىزالىنىش مەسىلىسىگە قارىتا خەلقنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىقلاشقان، ئىلمىيلەشكەن چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا.

# قەشقەر قوغۇنى



غازى ئەھمەد

مەن قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىن ئورۇن ئالغان قورغان (بۇ يەر نامى ھازىر «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «و» تاۋۇشى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، شۇڭا قورغان دەپ ئېلىش مۇۋاپىق). يېزىسىنىڭ ھوجدار (توغرا ئاتىلىشى خوجىدار ـ ئىگىلىك باشقۇرغۇچى) كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدىم. يېشىم 20 لەرگە كەلگەندە، (1954 ـ يىلى) ئوقۇشقا چىققان مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىمدىكى ئىشلارنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن.

قورغان، بەشكېرەم ۋە سەمەن يېزىلىرى ئۇزاق تارىختىن بېرى، قەشقەر شەھەر ئاھالىسىنى شېرىن ـ شەربەت مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئوتياش ـ چۆنەكلەرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قورغان يېزىسىنىڭ زېمىنى قۇرغاق، سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ ھەمدە قەشقەر شەھىرىگە يانداش بولۇش ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى، قەشقەر شەھىرىنىڭ بايلىرى قورغان يېزىسىدىن يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىپ، يازلىق باغ ـ ھويلا، ئىمارەتلەرنى ياساپ، ياز كۈنلىرىنى مانا شۇ داچىلاردا ئۆتكۈزۈپ، قىش پەسلىدە شەھەرگە كىرىپ ياشايتتى.

مەن بۇ ئەسلىمەمدە پەقەت قەشقەرنىڭ قوغۇنلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمەن. ئۇ زامانلاردا پارنىك، سۇلياۋ قەپ، ئاق ئوغۇت (خىمىيىۋى ئوغۇت) قاتارلىقلار يوق بولۇپ، دېھقانلار تېرىقچىلىقتا پەقەت تەبىئىي ھاۋا ماتى بىلەن يەرلىك ئوغۇتلارغا تايىناتتى. قوغۇننىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس رەڭگى، شەكلى ۋە تەمى بىلەن بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بەزىلىرى يازلىق، بەزىلىرى كۈزلۈك ۋە بەزىلىرى قىشلىق قوغۇن دەپ ئايرىلاتتى. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەسىرلەردىن بېرى دېھقانلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلاپ كېلىۋاتقان قوغۇننىڭ بىر مۇنچە سورتلىرى يوقىلىپ كەتتى ياكى شالغۇتلىشىپ، ئەسلىدىكى تەمنى يوقاتتى. مېنىڭچە، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. مەن مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان ئالىملار، ئاگرونوملارنىڭ تەتقىقاتىغا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن مەقسەتتە بۇ ئەسلىمىنى يازدىم.

## قوغۇننىڭ تۈرلىرى

**بىرىنچى، چىلگە.** 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بىرىنچى بولۇپ سەمەننىڭ چىلگىسى بازارغا كىرەتتى. چىلگىنىڭ ھەجمى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ پىششىق ياكى توڭلىقى، رەڭگىنىڭ سارغايغانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس پۇراق چاچقانلىقى بىلەن ئايرىلاتتى. چىلگە تومۇزنىڭ ئاپتىپىنى كۆرمىگەچكە، پەلەكتە تۇرغان ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، ئۇنىڭ قەنت تەركىبى يوق دېيەرلىك، گەرچە ئۇنىڭ چىرايلىق رەڭگى ۋە خۇش پۇرىقى بولسىمۇ، تەمى تاتلىق بولمايدۇ. چىلگە يازلىق قوغۇن بولۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا يېسە بولىدۇ، ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدۇ.

**ئىككىنچى، شېكەرشۇن.** بۇ پەقەت ھەزرەت (ئاپئاق خوجام) يېزىسىدىلا تېرىلىدۇ. بۇ ھەجىمى بىر قەدەر كىچىك، رەڭگى كۆكۈش يېشىل (توق ۋە ئاچ رەڭ گىرەلەشكەن)، ساپىقىدىن بۇرنىغا قارىتا سىدام يولى بار، شاپىقى نېپىز، ئېتى ئاچ كۆكۈش، ئۆزى چۇرۇك بولۇپ، سەمەننىڭ چىلگىسىدىن بىرەر ھەپتە كېيىنلا بازارغا كىرىدۇ، بۇ ھەم پىلەكتە تۇرغان ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، تەمى ئۇنچە تاتلىق ئەمەس.

**ئۈچىنچى، جاكۆكچى.** بۇ پەقەت دۆلەتباغ يېزىسىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. جاكۆكچىنىڭ ھەجىمى نىسبەتەن چوڭراق، شەكلى سوزۇنچاق، رەڭگى يېشىلغا مايىل، چار رەڭلىك بولۇپ، كۆرۈنۈشى خېلى چىرايلىق، لېكىن بەتتام بولغاچقا «جاكۆكچى» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قوغۇنمۇ شېكەرشۇنگە ئۇلىنىپلا بازارغا كىرىدۇ، ئېتى ئاق بولىدۇ. جاكۆكچى گەرچە تەمسىز بولسىمۇ، بالدۇر بازارغا كىرگەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇنى «يېڭىلىق» دەپ سېتىۋالىدۇ.

**تۆتىنچى، ئاقچى.** ئومۇمىي شەكلى جاكۆكچىگە ئوخشايدۇ. مەيلى شاپىقى، مەيلى ئېتى بولسۇن پۈتۈنلەي ئاق بولىدۇ. بۇ قوغۇن جاكۆكچىدىن تۆت، بەش كۈن كېيىنلا بازارغا كىرىدۇ. بۇ قوغۇننىڭ تەمى جاكۆكچىدىن سەل ـ پەل ياخشىراق، ئېتى چۇرۇك بولىدۇ. يۇقىرىدىكى قوغۇنلار بازارغا بالدۇر كىرگەنلىكى ئۈچۈن يامان ئەمەس پۇل بولىدۇ.

**بەشىنچى، پوستى پىياز.** بۇ قوغۇن ئاساسەن پاختەكلى، قاقۇللا يېزىسىدىن چىقىدۇ. بۇمۇ يازلىق قوغۇن بولۇپ، جاكۆكچىگە قارىغاندا سەل قورساقلىقراق بولىدۇ. رەڭگى كۆكۈشرەك چار، قوغۇننىڭ شاپىقى (ساپاق تەرەپى) تورلىشىدۇ. ئېتى ئېقىش، ئۆزى سۇلۇق، بىر قەدەر تاتلىق تەمى بار. شاپىقىغا يېقىنلاشقانسېرى بىر ئاز تەمسىز بولىدۇ.

**ئالتىنچى، سەبزە نازۇك.** ئاساسەن پاختەكلى، قاقۇللا يېزىلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. رەڭگى كۆكۈش، چار، سىدام يولى بار. شەكلى، پوستى پىيازدىن چوڭراق بولۇپ، قورساقلىق كېلىدۇ. سەبزە نازۇك ئۆزى ئەتلىك، ئېتى كۆكۈشكە مايىل ئاق بولۇپ، تەمى خېلىلا تاتلىق، بۇ ھەم يازلىق قوغۇن بولۇپ، سۇلۇق، شاپىقى قېلىنراق، قوغۇننىڭ شاپاققا يېقىنلاشقان قىسمى تەمسىزرەك بولىدۇ.

**يەتتىنچى، كۆكچى.** كۈزلۈك قوغۇن بولۇپ، شاپىقى كۆكۈش، ئېتى ئاق، سۇلۇق ھەم چۇرۇك. بىرەر ئاي ساقلاپ يېسىمۇ بولىدۇ. تەمى تاتلىق، كىشىلەر ئارىسىدا «كۆكچى نوچىنىڭ» دېگەن سۆز بار. ھەجىمى چوڭراق بولۇپ، ساپاق تەرىپىدىن يېرىمىغا يېقىن تورلىشىدۇ. ئەگەر كۆكچى، ئاق كۆكچى، شېكەر پىلەك، چار چۇرۇك قاتارلىق قوغۇنلار پىشقاندا، چۈنەككە سۇ كىرىپ كەتسە، بۇ قوغۇنلار شۇ زامانلا يېرىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال شۇ خىلدىكى قوغۇنلارنىڭ قەنت تەركىبىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئېتىنىڭ چۇرۇك بولۇشى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ.

**سەككىزىنچى، ئاق كۆكچى.** بۇ قوغۇننىڭ رەڭگى تۆتىنچى ئورۇنغا يېزىلغان «ئاقچى»غا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەجىمى ئاقچىدىن چوڭراق بولىدۇ. قوغۇننىڭ ئىچى ۋە سىرتى پۈتۈنلەي ئاق بولۇپ، شاپىقى تەرەپ تورلىشىدۇ، پىشىش ۋاقتى كۆكچىگە ئوخشايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاقلىقىدىن باشقا، تەمى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى كۆكچىگە ئوخشايدۇ، بۇ قوغۇن ھەم چۇرۇك، ھەم تاتلىق بولىدۇ.

**توققۇزىنچى، بېشەكشۇن.** 8 ـ ئاي ئىچىدە پىشىدىغان يازلىق قوغۇن بولۇپ، ناھايىتى ئەتلىك، سۇلۇق ھەم تاتلىق بولىدۇ. چوڭلىرى ئون نەچچە كىلوگرام بولىدۇ. بېشەكشۇن پىشقاندا سارغىيىدۇ ھەم خۇش پۇراق چاچىدۇ. شەكلى يۇملاق بولۇپ، كۆكۈش يولى بار، خەلق ئارىسىدا «بېشەكشۇن قارنى يامانىنىڭ» دېگەن سۆز بار. بېشەكشۇننىڭ قەنت ماددىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇنى كاسا قىلىپ پىچىپ، ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، پىچاق بىلەن قىرىپ، زاغرا ناندىن بىرنى ئالىقان بىلەن ئۇۋۇلاپ كاسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يەۋالسا، راۋۇرۇس تويۇپ، بىر ۋاخلىق تاماق بولۇپ، بىر كۈن قورساق ئاچمايدۇ.

**ئونىنچى، چوڭ چىلگە** (بېشەكشۇن بىلەن چىلگىنى چاڭلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگەن، چىلگىنىڭ بىر خىل سورتى). بۇ چىلگىدىن كېيىنرەك پىشىدۇ. رەڭگى بېشەكشۇنگە ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن تەمى بېشەكشۇنگە يەتمەيدۇ، چىلگىدىن سەل تاتلىقراق بولىدۇ، بۇ ھەم يازلىق قوغۇن بولۇپ، ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدۇ.

**ئون بىرىنچى، شېكەر پىلەك.** قورغاننىڭ خاڭگىدى، مورتىم يېزىلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. رەڭگى قىزغۇچ چار، ئېتى قىزىل ۋە ناھايىتى چۇرۇك بولۇپ، ئىنتايىن تاتلىق. بۇ قوغۇننى پىلەكتىن ئۈزىدىغان چاغدا، قوغۇننىڭ ساپىقىدىن ئىككى، ئۈچ سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسۋالسا بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي ساپىقىدىن تۇتۇپ ئۇدۇل تارتسا، قوغۇننىڭ ساپىقى شاپاقنىڭ بىر قىسمىنى قومۇرۇپ چىقىدۇ ھەمدە قوغۇننىڭ شاپاق تەرىپى تالا — تالا بولۇپ يېرىلىپ كېتىدۇ. قوغۇننى پىچىش توغرا كېلىپ پىچاق سالسا، قوغۇن ئۆزلۈكىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ. بۇ، قوغۇننىڭ چۇرۇك ھەم ئادەتتىن تاشقىرى تاتلىقلىقىدىن بولغان ئالامەتتۇر. شېكەر پىلەكنى كۆزلۈك ھەم قىشلىق قوغۇن دېيىشكە بولىدۇ. قوغۇننىڭ تۇمشۇق تەرىپى قىزغۇچ بولۇپ، ساپاق تەرىپى پۇتۇنلەي تورلىشىدۇ. بۇ قوغۇن كۈزدە پىشىدۇ، ئۇنى ئاۋۋال مۇز توڭلىغىچە ئاپتاپقا سېلىپ، ئاندىن سالقىن يەرگە قويۇپ قويسا، ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، 3 — ، 4 — ئايلارغىچە ساقلاپ يېگىلى بولىدۇ.

**ئون ئىككىنچى، چارچۇرۇك.** رەڭگى كۆكۈش چار بولۇپ، ھەجمى شېكەر پىلەكتىن چوڭراق بولىدۇ. بۇنىڭ ئېتى كۆكۈش چىقىدۇ. بۇ قوغۇن ھەم تاتلىق، ھەم چۇرۇك بولۇپ، پىچاق تېگىپ بولغىچە يېرىلىپ تۇرىدۇ. چارچۇرۇكنى ئەڭ ياخشىسى ئىككى كاسا قىلىپ، پىچاق بىلەن قىرىپ سۈيىنى ئىچسە ناھايىتى تاتلىق بولۇپ، كىشىگە ئاجايىپ ياخشى لەززەت بېرىدۇ.

**ئون ئۈچىنچى، تۇرنا.** كۆزلۈك قوغۇن بولۇپ، ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ناھايىتى ئۇزۇن، تەخمىنەن 40 ~ 45 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قوغۇن ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، چۈنكى قوغۇن بەكمۇ ئەتلىك، ئۇرۇقى ئاز. ئېتى قىزىل، بەزىلىرىنىڭ سارغۇچ كېلىدۇ، تۇرنا ئۆزگىچە تەمى بىلەن باشقا قوغۇن تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭ ھەممە يېرى تورلاشقان بولىدۇ.

**ئون تۆتىنچى، چوڭگۇنباش.** بۇ قوغۇن باشقا قوغۇنلاردىن كىچىك بولۇپ، شەكلى يۇپيۇمىلاق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئاز، ئېتى قېلىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوغۇن ھەم قاتتىق، ھەم ئېغىر بولىدۇ، شاپىقى قېلىنراق كېلىدۇ، خېلى ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ.

**ئون بەشىنچى، قارا كۆكچى.** شاپىقى قارامتۇل، كۆك بولۇپ، ساپاق تەرىپى تورلىشىدۇ، ئېتى قىزىل چىقىدۇ. قوغۇننىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، شەكلى سوزۇنچاق، بۇ قوغۇن ناھايىتى چۇرۇك ۋە تىلنى يارغۇدەك تاتلىق. بەزى قوغۇنلارنىڭ ئېتىنىڭ يېرىمىگىچە تاتلىق بولسىمۇ، شاپىقىغا يېقىنلاشقانسېرى تەمسىز بولىدۇ، شۇنىڭدەك بەزى قوغۇنلارنىڭ بۇرنى تەرىپى تاتلىق بولسىمۇ. شېكەر پىلەك، چارچۇرۇك، قارا كۆكچى قاتارلىق قوغۇنلار بولسا، ھەممە يېرى ئوخشاشلا تاتلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بۇ قوغۇنلارنى يېگەندە، شاپىقى نېپىزلاپ كەتكىچە غاجىلاپ يەيدۇ.

**ئون ئالتىنچى، بەگزادە.** بۇ قوغۇن ئادەتتىكى قوغۇنلاردىن كىچىك بولۇپ، شاپىقى نېپىز ھەم يۇمران، رەڭگى كۆكۈش، ساپىقىدىن بۇرنىغا قارىتا سىدام يولى بار. ئېتى سۇس كۆك بولۇپ، ناھايىتى چۇرۇك ھەم تاتلىق بولىدۇ. ئەتسىز بولۇپ، بىر ئادەم بۇ قوغۇندىن بىر قېتىمدا بىرنى يېسە تويمايدۇ، بۇ قوغۇن ھەم يېيىشلىك، ھەم سىڭىشلىق بولۇپ، نىسبەتەن كەم ئۇچرايدۇ.

**ئون يەتتىنچى، هامۇت قازى.** قىشلىق قوغۇن رەڭگى قىزغۇچ بولۇپ، ھەممە يېرى تورلىشىدۇ. بۇ قوغۇن بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە — يەتتە كىلوگرام كېلىدۇ، ئېتى قىزىل بولۇپ، بىر ئاز قاتتىقراق بولىدۇ، بۇ قوغۇننى نىسبەتەن ئۇزاق ۋاقىت ساقلىغىلى بولىدۇ، هاۋا ئۆتۈشىدىغان جايدا ساقلىسا، ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

**ئون سەككىزىنچى، قاراقاش.** قىشلىق قوغۇن، ھەجمى ئوتتۇراھال بولۇپ، شاپىقىنىڭ تېگى سارغۇچ، ساپىقىدىن بۇرنىغا قارىتا قارا يولى بار. ئېتى قىزىل، بەزىلىرىنىڭ سۇس كۆك بولۇپ ھەم سۇلۇق، ھەم تاتلىق بولىدۇ. قاراقاش قوغۇننىڭ ھەممە يېرى تورلىشىدۇ. بۇ قوغۇننى كەچ كۈزدە (سوغۇق چۈشكىچە) ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا سېلىپ قويۇپ، مۇزلاشتىن سەللا ئىلگىرى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ تەكچىگە تىزىپ قويسا، كېلەر يىلى قوغۇنغا ئۇرۇق سالىدىغان ۋاقىتقىچە ساقلاپ، ئېتىز بېشىدا قوغۇننى يەپ، ئۇرۇقىنى تېرىيدىغان ئىشلار بار.

**ئون توققۇزىنچى، كۆك بەرى.** بۇ قوغۇن پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ خوشئاۋات، شورجەينەك دېگەن جايلىرىدىن كۆپرەك چىقىدۇ. بۇ قوغۇننىڭ ھەجمى نىسبەتەن چوڭ،

شاپىقى چار بولۇپ، ھەممە يېرى تورلىشىدۇ. ئېتى كۆك بولۇپ، ھەم سۇلۇق، ھەم تاتلىق بولىدۇ. دېھقانلار كۆك بەرىنى بازارغا سالماي، ئاساسەن ئۆزلىرى يەيدۇ. كۆك بەرىنى قىش كۈنلىرى ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ياكى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، كاسا قىلىپ قىرىپ سۈيگە نان چىلاپ يېسە ناھايىتى لەززەتلىك بولۇپ، ئوبدان بىر ۋاخ تاماق يېگەندەك ھۇزۇر ئالغىلى بولىدۇ.

**يىگىرمىنچى، يوپۇرغىنىڭ تېرىم كۆكچىسى.** ھەجمى يوغان، قورساقلىق، ئېتى قېلىن بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى، يەتتە ـ سەككىز كىلوگرام كېلىدۇ. ھەممىلا يېرى تورلاشقان بولۇپ، ئېتى قىزىل بولىدۇ. بۇ ئاساسەن قىشلىق قوغۇن بولۇپ، پەم بىلەن ساقلىسا خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، بۇ قوغۇننى كۆپىنچە باققاللار قىش پەسلىدە تىلىملاپ پىچىپ ساتىدۇ.

**يىگىرمە بىرىنچى، يوپۇرغىنىڭ كۆك بەرىسى.** بۇ قوغۇن نىسبەتەن چوڭ، قورساقلىق بولۇپ، شاپىقىنىڭ رەڭگى كۆكۈش چار بولىدۇ، بۇ قوغۇننىڭ ھەممە يېرى تورلىشىدۇ، ئېتى كۆكۈش رەڭدە بولۇپ، ناھايىتى سۇلۇق ھەم تاتلىق بولىدۇ، باققاللار قىش كۈنلىرى بۇنداق قوغۇندىن بىرنى تىلىملاپ پىچىپ ساتسا، پالانى پۇلغا يارايدۇ.

## قوغۇننىڭ ئەسلىي سورتىنى ساقلاپ، شالغۇتلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش

دېھقانلار قوغۇننىڭ ئەسلىي سورتىنى ساقلاش، ئۇنىڭ باشقا سورتلار بىلەن چاتىلىشىپ، شالغۇتلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

1) ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەر شۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى، تۇپرىقىنىڭ نەم (زەي) ياكى قۇرغاق بولۇشى، قۇمساز، سىغىز ياكى شېغىللىق بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، شۇ يېزا ياكى كەنتكە لايىق كېلىدىغان بىرەر ـ ئىككى سورتنى تېرىيدۇ. بۇنى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئەنئەنە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا قوغۇننىڭ چىلگە، شېكەرشۇن، جاكۆكچى، ئاقچى دېگەنگە ئوخشاش سورتلارنى ئىمكانقەدەر بالدۇر تەييار قىلىپ، دەسلەپكى بازارغا ئۈلگۈرتۇش، «يېڭىلىق» سۈپىتىدە بازارغا سېلىپ، ياخشىراق پۇل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2) دېھقانلار قوغۇن تېرىغاندا ھەر خىل سورتلارنى بىر ئېتىزغا ئارىلاش تېرىمايدۇ، ئەگەر ئارىلاش تېرىلىپ قالسا، ھەر خىل سورتلار ئۆزئارا چاتىلىشىپ، شالغۇت بولۇپ ئەسلىدىكى سورت بۇزۇلىدۇ.

3) دېھقانلار قوغۇن پىشقاندا ياكى قوغۇننى ئومۇميۈزلۈك ۋاشاك قىلىپ، مەھسۇلاتنى يىغىۋالغاندا، ئۇرۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن سورتى بۇزۇلمىغان، مۇرادىغا يېتىپ پىشقان ئەڭ ياخشى سورتلارنى ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن تاللاۋالىدۇ.

4) قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇ قوغۇننى كاسا قىلىپ يەپ، ئۇرۇقىنى ئۆزىنىڭ شاپىقىغا ئېلىپ، ئايرىم قۇرۇتۇپ ئايرىم جايدا ساقلايدۇ.

5) بەزى دېھقانلار ھەر يىلى پەقەت بىر ـ ئىككى خىل سورتنى تېرىشقا ئادەتلەنگەن. يەنى، شۇ خىل سورت بىلەن نام چىقارغان. مەسىلەن، مورتىمنىڭ شېكەر پىلەك، چارچۇرۇك، قاقۇللىنىڭ پوستى پىياز، سەبزە نازۇك، پەيزاۋاتنىڭ قارا كۆكچى، كۆك بەررە، قورغاننىڭ بېشەكشۇن دېگەنلەرگە ئوخشاش. بەزىلىرى يازلىق قوغۇن تېرىسا، بەزىلىرى پۈتۈنلەي قىشلىق قوغۇن تېرىيدۇ.

### قوغۇنغا كېسەل تېگىشتىن ساقلىنىش

قوغۇننىڭ دۈشمىنى ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى، قوغۇننىڭ يېنىغا شۇمبۇيا ئۈنۈش: يەنە بىرى، قوغۇننىڭ ئالدى پىشاي دېگەندە يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى ئاق تور تارتىپ، سارغىيىپ، ئاق پىلەك بولۇش. شۇمبۇيا چىققان ياكى ئاق پىلەك بولغان قوغۇنلار كۆرۈنۈشى چىرايلىق تۇرسىمۇ، ئىنتايىن بەتتام بولىدۇ. شۇمبۇيا چىققان ياكى ئاق پىلەك بولغانلارنى سىرتىغا قاراپلا كېسەل تەگمىگەن قوغۇنلاردىن پەرق ئېتىش قىيىن. قوغۇن ئېلىپ ساتىدىغان، بولۇپمۇ، قوغۇننى تىلىملاپ پىچىپ ساتىدىغان باققاللار بۇنداق قوغۇنلارنى ئاسانلا بىلىۋالىدۇ. ئۇلار قولىنىڭ باش بارمىقىنىڭ تىرنىقىنى ئاتايىن ئۆستۈرۈۋالىدۇ. قوغۇننىڭ شاپىقىغا تىرنىقىنى پاتۇرۇپ، شاپاقىنىڭ ئىچىنى ئېچىپ قارايدۇ. ئەگەر شاپاقىنىڭ ئىچى توق يېشىل رەڭدە بولسا، بۇ قوغۇندا ھېچقانداق كېسەل يوق، ئۇ چوقۇم تاتلىق ياكى ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەمىنى ساقلىغان بولىدۇ. ئەگەر شاپاقىنىڭ ئىچى ئېقىش (پاختىلاشقان) كۆرۈنۈشتە بولسا، بۇ چوقۇم كېسەل تەگ-

كەن، يەنى شۇمبۇيا چىققان ياكى ئاق پىلەك بولغان قوغۇن بولۇپ، بۇنداق قوغۇن ئىنتايىن تەمسىز بولىدۇ.

دېھقانلار بۇ خىل كېسەللەردىن ساقلىنىشنىڭ چارىسىنى تاپقان. 1) بىر قېتىم قوغۇن تېرىغان يەرگە 2 ـ ، ھەتتا 3 ـ ، 4 ـ يىللىرىمۇ قايتا قوغۇن تېرىمايدۇ. ئون يىل ئەتراپىدا قوغۇن تېرىلىپ باقمىغان، بەلكى زادىلا قوغۇن تېرىلىپ باقمىغان يېڭى ئېچىلغان بىنەم يەرلەردە قوغۇن ناھايىتى ئوخشايدۇ، شۇمبۇيا، ئاق پىلەك دېگەنلەر كۆرۈلمەيدۇ. بەزىلەر قوغۇن تېرىيدىغان يەرنىڭ يۈزىنى 20 ـ 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئېلىۋېتىپ، يەرنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاندىن قوغۇن تېرىيدۇ، شۇنىڭدەك قوغۇن پىلەك تارتىشقا باشلىغاندا، پىلەكنىڭ ئاستىغا كۆل چېچىپ ئاق پىلەك بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## قوغۇننى پەرۋىش قىلىش

قوغۇن تېرىلىدىغان يەر باش باھاردا ئوسا قىلىنىدۇ، يەرنىڭ ئوسسى كېلىشكەندە، چاناپ تۇپراق ياخشى يۇمشىتىلىدۇ. ئاندىن تاختا ۋە چۆنەكلەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ تانا تارتىپ ئالدىنئالا سۇغا چىلاپ نەمدەپ قويۇلغان ئۇرۇقلارنى ھەر بىر تۈپنىڭ ئارىلىقىنى يېرىم مېتىر تاشلاپ، نەم يەرگە ئۈچ ـ تال ئۇرۇقنى سېلىپ بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمىدۇ. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىپ، ئۈچ ـ تۆت قۇلاق بولغاندا، ئارىسىدىكى جانلىق ئۈنگەنلىرىدىن ئىككى تال قويۇپ، باشقىلىرىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. قوغۇن تۆت ـ بەش تال يوپۇرماق چىقارغاندا، مايسىنىڭ ئالدى تەرىپىنى، يەنى چۆنەك تەرىپىنى 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا باشتىن بويىغا ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى قوينىڭ قىغىغا بولسا كۈنجۈرە ئارىلاشتۇرۇپ كۆمۈپ، چۆنەكنى ئويۇپ توپىسىنى ئوغۇت كۆمگەن يەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، دەرھال چۆنەككە سۇ قويىدۇ، دەسلەپكى قويۇلغان سۇ چۆنەككە بەك تولدۇرۇۋېتىلسە، قوغۇن مايسىسىنىڭ تۈۋىگە سۇ كىرىپ كېتىپ، قۇرىغاندا توپىسى قېتىۋالىدۇ. سۇنى پەقەت مايسىنىڭ تۈۋىگە نەم كەتكىدەكلا ئاچسا بولىدۇ. قوغۇن مايسىسىنى دەسلەپ ئوغۇتلىغاندا مايسا يىلتىزىنىڭ ئەدەپ يەپ قېلىشى، يەنە بىرسى «يەر يولۋىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كۆك قۇرتلارنىڭ مايسىنى غاجلاپ نابۇت قىلىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، دەسلەپتە ھەر بىر تۈپتە ئىككى تال مايسا قالدۇرۇلىدۇ. قوغۇننى ئالدى تەرىپىدىن ئوغۇتلاپ ھەپتە ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئارقا تەرىپىدىن بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇيا بىلەن كۆك يانتاق قوغۇننىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇتى ھېسابلىنىدۇ. ئاۋۋال بۇيا بىر يەرگە تۆپە ـ تۆپىلەپ بېسىلىپ، ئۈستىنى پالاز بىلەن يېپىپ چۈمەكەپ قويۇلسا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن قىزىپ هورداپ سېسىشقا باشلايدۇ. ئاندىن قوغۇننىڭ ئارقا تەرىپىنى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئويۇپ، ئاۋۋال ئاستىغا سېسىتىلغان بۇينى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھايۋانات قىغىنى سېلىپ كۆمۈۋېتىلىدۇ. بۇ چاغدا بىر ئورۇندا بىر تۈپ مايسا قالدۇرۇلسا بولىدۇ. قوغۇنلۇقنىڭ تاختىسىنى كەتمەن بىلەن چاناپ ئوبدان يۇمشىتىش لازىم. شۇنىڭدىن كېيىن چۆنەككە كۈن ئارىلاپ سۇ قويۇلىدۇ، سۇ پەقەت چۆنەك ئارقىلىق تۇپراقنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، قوغۇننىڭ يىلتىزى ھەم يۇمشاق، ھەم نەمخۇش تۇپراقتا ناھايىتى ئەركىن راۋاج تاپىدۇ. بۇ مەزگىلدە قوغۇن سۇ خالايدۇ ۋە ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ. ھەر بىر سوتكىدا قوغۇن پىلىكى بىر غېرىچتىن ئارتۇق ئۆزىراپ بارىدۇ. قوغۇننىڭ پىلىكى بىر مېتىردىن ئاشقاندا، چۆنەكنىڭ تېگى چوڭقۇر ئويۇلۇپ، ئۇنىڭدىن قومۇرۇپ ئېلىنغان لاي چۆنەكنىڭ ئىككى قىرىغا چىرايلىق تىزىپ ئېلىپ قويۇلىدۇ. قوغۇننى بېقىش (ئوغۇتلاش) بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. چوڭقۇر ئويۇلغان چۆنەك ئىچىگە كۆك يانتاق، چاكاندا، ھەتتا سامان قاتارلىقلار سېلىنىپ، چۆنەككە سۇ تولدۇرۇپ قويۇلىدۇ، چۆنەككە سېلىنغان نەرسىلەر سېسىپ ئۇنىڭ قۇۋۋىتى يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ قوغۇنغا كۈچ بولىدۇ.

قوغۇننىڭ پىلىكى 60 ـ 70 سانتىمېتىر كەلگەندە، چېچەك ئېچىلىپ سويما چۈشۈشكە باشلايدۇ ۋە پىلەكلەر ھەر تەرەپكە يامراشقا باشلايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ھەر بىر تۈپ قوغۇندىن ئۈچ تال چاتاقنى قالدۇرۇپ، باشقىلىرىنى بىخ ھالىتىدە چىمدىپ ئۈزۈۋېتىش كېرەك. ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان چېچەكتىن تۆرەلگەن سويما يوغىنالمايدۇ ھەم ناھايىتى بالدۇرلا پىشىپ قالىدۇ. بۇنى كىشىلەر «بىخىغا چۈشكەن» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە بۇنى قوغۇننىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتمەي ئېلىۋېتىدۇ. قوغۇنلۇقنىڭ تاختىسىغا دەسسەش مەنئى قىلىنىدۇ، شۇنداقتىمۇ دېھقانلار ئاۋايلاپ

تاختا ئۈچگە كىرىپ، قوغۇننىڭ پىلەكلىرىنى تەكشى تاراپ رەتلەيدۇ. پىلەكنىڭ سويما سالمىغان ياۋا شاخچىلىرىنى بىخ ھالىتىدە پۇتۇۋېتىش كېرەك. ئادەتتە بىر تۈپ قوغۇندىن ئىككى ياكى ئۈچ شاخ قالدۇرۇلسا، ھەر بىر شېخىدا دەسلەپ چۈشكەن سويمىسى راۋۇرۇس چوڭ بولۇپ، مۇرادىغا يېتىپ پىشىدۇ. ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەن سويمىسىمۇ ياخشى چوڭ بولىدۇ ھەمدە ئاساسىي جەھەتتىن پىشىدۇ. پىلەكنىڭ ئۇچى تەرەپكە چۈشكەن سويمىلىرى تېخى پىشماي تۇرۇپ، كۆز چۈشۈپ كېتىدۇ. قوغۇنلار پىشىپ، ئۇنى يىغىۋالدىغان چاغدا قوغۇننىڭ ساپىقىدىن ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسىۋېلىش لازىم. ئۇنداق بولماي، ساپىقنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا، شۇ جاي زېدە بولۇپ، قوغۇن زېدە بولغان شۇ جايدىن ئاسانلا سېسىپ قالىدۇ.

قوغۇننى ئېتىزدىن ئۆيگە يۆتكەش جەريانىدا ئۇنىڭ بىرەر يەرلەرگە ئۇرۇلۇپ، زېدە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. قوغۇننى ياخشى ساقلاش بەزى زۆرۈر جەريانلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالدى بىلەن قوغۇننى چوقۇم ئاپتاپقا سېلىش كېرەك. سوغۇق چۈشۈپ مۇزلاش دەرىجىسگە يېقىن قالغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئۆيگە يۆتكەش لازىم. بۇ ئۆي چوقۇم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇشى لازىم. دىققەتسىزلىكتىن قوغۇننىڭ ئايرىم يەرلىرى ئۇرۇلغان ياكى زېدە بولغان بولسا، ئەگەر ئۇ ئاپتاپقا سېلىنغان بولسا، زېدە يېرى باشقا جايلارغا يامراپ كەتمەي، بىر چاقا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق قوغۇننىڭ چاقا بولۇپ قالغان يېرىنىلا ئويۇپ ئېلىۋەتسىلا، يېگىلى بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر بۇنداق قوغۇن ئاپتاپقا سېلىنمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان جايغا قويۇپ قويۇلسا، زېدە بولغان جاي ئىچىدىن سېسىپ، قوغۇننىڭ ھەممە يېرىگە ئاچچىق تارقاپ كېتىدۇ، بۇنداق قوغۇننى ھەرگىزمۇ يېگىلى بولمايدۇ.

دېمەك، قوغۇنلارنىڭ ئەسلىي سورتىنى ساقلاش تولىمۇ مۇھىم، ئۇنىڭ باشقا سورتلار بىلەن چاڭلىشىپ، ئەسلىدىكى ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشى مېنىڭچە بەكمۇ ئېچىنارلىق ئەھۋالدۇر. دەرۋەقە يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، يېڭىدىن - يېڭى ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى يارىتىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنى بېيىتىش يولىنى ئىزدەش، ئەلۋەتتە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. بىراق سانىنىلا قوغلىشىپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش، ھەرگىزمۇ نەتىجە بولماستىن، بەلكى مەغلۇبىيەتتۇر. ھەممىگە مەلۇم، قوغۇن پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا يېيىلمەيدۇ، ئىنسانلار قوغۇن يېگەندە، تەبىئەت ئاتا قىلغان ھەر خىل سورتلۇق قوغۇنلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەمى (بەزىلىرى چۈرۈك، بەزىلىرى سۇلۇق، بەزىلىرى تاتلىق، بەزىلىرى خۇشپۇراقلىق ھەم مەززىلىك)دىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزى قوغۇنلارنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەلا سۈپىتى ئارقىلىق يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشى مۇمكىن.

دىيارىمىزنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرۇشى يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ۋاقتىنىڭ كۆپ بولۇشى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تۇپراق، ھاۋا، سۇ قاتارلىق شارائىتىمىزنىڭ ئۆزگىچە ياخشى بولۇشى، زىرائەت، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش - چۆپنەك قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خەلقىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق ھەر خىل تەملىك قوغۇنلارنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ بىزنىڭ پەخىرلىنىدىغان ئەۋزەللىكىمىز ھەمدە نۆۋەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئېچىشقا تېگىشلىك ئېسىل بايلىقىمىزدۇر.

يۇقىرىدا پەقەت قوغۇن ئۈستىدىلا توختىلىپ، تاۋۇز توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدۇق. ھازىر تۇرمۇشتا تاۋۇز بۇرۇنقىدەك كۆپ يېيىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەلكى ھازىر يەيدىغان مېۋىلەر تۈرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. لېكىن ھازىرقى تاۋۇزلارنىڭ تەمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى يەنىلا مۇھىم ئامىلدۇر. 60 ياشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كىشىلەر بۇرۇنقى يەرلىك تاۋۇزلارنىڭ ھەر خىل سورتلىرىنى ئەسلەپ، شۇ تاۋۇزلارنىڭ خۇمارى تۇتۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا، يېرىم تاۋۇزنى پىچاق بىلەن ياكى قوشۇق بىلەن ئويۇپ يەپ تۈگىتىپ تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىمىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ، ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ كېلىدۇ. ئامال قانچە؟ ھازىر ئالدىمىزغا كەلگەن تاۋۇزدىن بىرەر تىلىم يەيمىز، خالاس. تاۋۇزنىڭ بۇرۇنقى ئەلا سورتلىرى چۈشكە ئايلىنىپ قالدى.



# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ
# چاچ قويۇش ئادىتى

نۇربىيەمگۈل ئىسمائىل

ئىنسانلار ئۆزىنى بىلىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، ئۆز بەدىنىدىكى ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ روللىرىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىللە، شۇ تەركىبىي قىسىملارنى ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ئاساسىدا ئۆز لايىقىدا گۈزەللەشتۈرگەن.

چاچ ئىنسانلار بەدىنىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى — يازدا باشقا چۈشكەن كۈن نۇرى ۋە ئىسسىقلىقنى تارقىتىش، قىشتا باشنى ئىسسىق ساقلاش ھەمدە باش تېرىسىنى تۈرلۈك خىمىيىلىك ماددا ھەم نۇر قاتارلىق فىزىكىلىق زەخمەلەردىن ساقلاشتىن ئىبارەت. ئەمما چاچنىڭ ئادەمگە گۈزەللىك بېغىشلاشتىن ئىبارەت بۇ رولىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. كۆركەم، چىرايلىق، يارىشىملىق چاچ شەكىللىرى ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ چىراي گۈزەللىكىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا گۈزەللىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكتىن چاچ پاسونى جەھەتتىمۇ ئەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

«بىر ئايالنىڭ چاچ شەكلى پەقەت شۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن بەلكى شۇ ئايال ۋەكىللىك قىلغان مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي دەۋردىكى مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ» ① . «تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جەنۇب مىللەتلىرىدە چاچنى كېسىپ ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە چاچنى ئەركىن ھالەتتە قويۇۋېتىش؛ غەربىي شىمال مىللەتلىرىدە چاچنى ئۆرۈش تارىختىن بۇيانقى ئاساسلىق چاچ شەكلى (پاسونى) بولغان» ② .

ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ، پاكىز ياسىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۆز چېچىنىڭ گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، چاچنى ھەرخىل شەكىلدە ياسىغان ۋە جىگدە يېلىمى، تۇخۇم، ناۋات، ئوسما، سىيادان قاتارلىق چاچقا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق چېچىنى ئاسرىغان ۋە چاچنىڭ ئۇزۇن، توم، كۆركەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر

ئاياللىرىغا نىسبەتەن ئۇزۇن چاچ گۈزەللىكنىڭ بەلگە-
سى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكنى چاچتىن ئايرىپ
قاراشقا بولمايدۇ. چاچ بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈ-
زەللىكى ناھايىتى زىچ ئورگانىك بىرىكىپ كەتكەن. ئۇ-
لار باشتىن ـ ئاخىر ئۇزۇن چاچ قويۇشنى بىر خىل
ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ھەمدە بىر
قاتار چاچ ياساش ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان. تارىختىن
بۇيان خەلقىمىز ئىچىدىكى ئاياللارغا ئائىت بولغان گۈ-
زەللىك قاراشلىرىدا ئۇزۇن، توم بولغان سۇمبۇل چاچ
مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئاتىلار سۆزلىرىدىمۇ
خەلقىمىزنىڭ چاچقا بولغان ئالاھىدە چۈشەنچىلىرى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

چېچىدا ئۆلۈكى يوق، يۈزىدە يامىقى يوق.
تاراقسىز چاچنىڭ زىننىتى بولماس.
چېچىمدىن تولا خوجايىن، قايسىبىرىدىن قورقاي.
ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، تازنىڭ كۆزى چاچتا.
تاز قىزغا تارغاق ياراشماس، بىلىمسىزگە تاج (يا-
راشماس)
تاز گۈل تاپسا قىسقىلى يەر تاپالماس...

يۇقىرىقى ئاتىلار سۆزلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بو-
لىدۇكى، ئاياللاردىكى گۈزەللىك چاچ بىلەن زىچ بىرد-
كىپ كەتكەن.

خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدىمۇ ئاياللارنىڭ چاچ
گۈزەللىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

ئاتۇش خەلق ناخشىسى «ئاللا خالىدەم» دە مۇن-
داق مىسرالار بار:

ئاللا خالىدەم، ئاللا بوستان چاچ،
ئاللا خالىدەم، يارىم قەلەم قاش.
ئالدىڭدىن قاراپ خالىدەم، قاشىڭغا كۆيدۇم،
كەينىڭدىن قاراپ خالىدەم، چاچىڭغا كۆيدۇم.

* * *

كۆل بويىدا ئولتۇرار،
سۇمبۇل چاچلىقىم.
ئۆلتۈرەمدۇ ـ كۆيدۈرەمدۇ،
قارا قاشلىقىم.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلق چۆچەكلىرىمىزدىمۇ چاچنىڭ
گۈزەللىككە ئائىت مىساللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن:

«چىن تۆمۈر باتۇر» ناملىق خەلق چۆچىكىدە،
چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئېرىق بو-
يىدا چېچىنى تاراش جەريانىدا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن
چېچى قالماقلار دۆلىتىگە ئېقىپ بېرىپ ئېرىقتا قولىنى
يۇيۇۋاتقان قالماقلار شاھزادىسىنىڭ قولىغا ئىلىنىشىپ
قالىدۇ، قالماقلار شاھزادىسى بۇ ئۇزۇن ھەم گۈزەل
چاچقا قاراپ، مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا
ئاشىق بولۇپ قالىدۇ... مۇشۇ خىلدىكى مىساللاردىن بىز
كىشىلەرنىڭ چاچقا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ
كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. ئۇيغۇر ئا-
ياللىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاساسلىق چاچ
ياساش شەكلى چاچنى ئۆرۈش، يەنى ئۆرۈمە چاچ شەك-
لىدىن ئىبارەت، چاچنى ئۆرۈشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى
بولسا چاچ ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىپ، بۇ ئايرىلغان ھەر
بىر بۆلەكلەر رەتلىك ھالدا بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈل-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتە تال چاچنى بىر قىلىپ
ئۆرۈيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

«يىراق قەدىمكى زاماندا مەيلى ئەر ياكى ئايال
بولمىسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك چاچلىرىنى ئۆرۈپ
يۈرگەن ياكى ئۆرۈمە چاچ قويغان. بۇنى ئىسپاتلايدىغان
ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن،
زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان M2 ـ نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە
قىلىنغان ئەرنىڭ 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان (چاچنىڭ
ئۇچى تەرىپىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىقتا قىزىل يۇڭ
يىپنى قوشۇپ ئۆرۈگەن) ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار.
(1 ـ رەسىمگە قارالسۇن)، M2 ـ نومۇرلۇق قەبرىگە



دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى يەنە 45 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۈنئىي (ياسالما) چېچىمۇ بار (2 ـ رەسىمگە قارالسۇن). يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان



ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىزگە ئۆرۈمەچاچ قويۇشنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بېزەك، پەرداز مەزمۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قومۇل رايونىدىكى «قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرى»دىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىتنىڭ (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى) قوش ئۆرۈمە چاچلىرى (3 ـ رەسىمگە قارالسۇن). پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرىدىكى



قەدىمكى قەبرىلەرگە (2 ـ نومۇرلۇق قەبرە) دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمەچېچى يۆگەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا تىقىلغان. 1983 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ ھەرخىل چاچ پاسونلىرى ئېنىقلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۆرۈمە، تاق ئۆرۈمە، قوش ئۆرۈمە، ئەشمە چاچ ۋە ياسالما ئۆرۈمە چاچلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئۆرۈمەچاچلارنىڭ بىر يۇرۇشى تۆت تال، ئەڭ كۆپلىرى 16 تال بولۇپ، تاق ئۆرۈمە چاچلارنى ئۈچ ئېشىم چاچنى بىر قىلىپ بىرىكتۈرۈپ ئۆرۈگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ياسالما چاچلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى خىلى ئۈچ تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئاشۇ خىل ئۈچ تال ئۆرۈمە چاچنى يەنە بىرىكتۈرۈپ، بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن. ئىككىنچى خىلى، ئالتە تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ، بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن. ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويان تاغلىرى ئەتراپىدىن قېزىلغان ھونلارغا ئائىت قەبرىلەردىن 17 تال قىزىل يۇڭ شويىنىنى قوشۇپ ئۆرۈلگەن چاچ تېپىلغان. ئىلى ۋادىسى (موڭغۇلكۈرە) كىچىك خۇنقاي يايلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن بالبال (ئەر)نىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇششاق ئۆرۈلگەن ئۆرۈمە چاچلىرى (17 تال چاچ بەلنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ) بار. ئۇنىڭدىن باشقا نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئىككى ئۆرۈلگەن» ③ (4 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلاردىن باشقا يەنە، خەنزۇچە «سالنامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «گۈيفاڭ تەزكىرىسى»دە ھون،



توقبات، سىيانپىلارنىڭ ئۆرۈمەچاچلىرى بار دەپ خاتىرىلەنگەندىن باشقا «كونا تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە، كۆسەن تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردىمۇ ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويىدىغانلىقى ھەققىدە بايان بار.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خوتۇن- قىزلارنىڭ ئۆرۈمەچاچ قويۇش ئادەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 129- بەتتە:

ئۆرگۈچ- ئۆرۈمە چاچ.

1- توم 175- بەتتە:

ئۆرۈمە ساچ- ئۆرۈمەچاچ

ئومۇمەن ھەرخىل شەكىللەردىكى ئۆرۈمەچاچلارنى قويۇش، سۇنئىي چاچ سېلىش ئادەتلىرى بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئۆرۈمە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن. بۇ ئادەتلەر «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ئۇيغۇرلاردا توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چېچى 21، 17، 15 ھەتتا 41 تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ. ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەممىدە توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ، قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ پاتاك (شىللە) قىسمىدىكى چاچ ئەك ئاخىرقى قېتىم چۇشۇرۇلىدۇ. توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن قىز (چوكان)نىڭ كوكۇلا چېچى ئىككى تەرىپكە قايرىلىدۇ. ئۈزۈن سۇمبۇل چاچلىرى جۈپ ئۆرۈلىدۇ، چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئەپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياغاق سىكىلەك قويۇش بىلەن بىللە، چېچىنى 5، 7، 9... تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ تۇللۇقنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياشانغان (نەۋرىلىك بولغان ئاياللار) ئۈزۈن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچ تەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ...

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۇرگە ۋە ئۆرۈلگەن چېچىنىڭ تاق ياكى جۈپلۈكىگە قاراپ، ئايالنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، ياشانغان ئايال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى ۋە ياكى ئۇنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ قويۇشىدا يەنە بىر قاتار پەرھىزلەرمۇ بار. توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چېچىنى توي قىلىپ بولغان ئاياللارغا ئوخشاش ياسىشى ۋە تۇرمەكلىشى چەكلىنىدىغان بولۇپ، بۇنداق قىلىپ سالسا ئۇلارنىڭ توي قىلمىقى (ئەرگە تەگمىكى) تەس بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچنى بەخت ۋە بايلىق دەپ قارايدىغان بولغاچقا، چاچ قانچە ئۇزۇن بولسا، بەختىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، دەپ چۈشكەن چاچلارنى ھەرگىزمۇ يەرگە قالايمىقان تاشلىماي يىغىپ ساقلايدۇ.

ئاياللار ئوغايلىقچە چاچنى كەسمەيدۇ. ئەگەر كېسىشكە توغرا كەلسە، ھەسەن- ھۈسەن چىققاندا چاچنى پالتا بىلەن كېسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق قىلغاندا ئۆسۈپ چىققان يېڭى چاچ ھەم ئۇزۇن، ھەم كۆپ (توم) بولارمىش.

چاچ تاراش جەھەتتىمۇ بىر قىسىم پەرھىزلەر بار. ئۇيغۇر ئاياللىرىدا چاچنى قۇرۇق تاراش چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئەگەر چاچنى قۇرۇق تارىسا قۇرۇق سۆز- چۆچەككە (بەتنامغا) قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە ھەپتىنىڭ ئۈچى ۋە تۆتى چاچ تارىسا بولمايدۇ. ھەپتىنىڭ ئۈچى چاچ تارىسا شۇ ئايالنىڭ يولدىشىغا خەۋپ يېتەرمىش، ھەپتىنىڭ تۆتى چاچ تارىسا، يىراقتىكى تۇغقىنى (يېقىن كىشىسى) بىلەن كۆرۈشەلمەسمىش. شۇڭا ئاياللار ئادەتتە ھەپتىنىڭ بىرىنچى ۋە بەشىنچى كۈنى چاچ تارىشىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار ھەپتىنىڭ بەشى چاچ تارايدۇ. بۇنداق قىلغاندا بەختىنى ئاشۇرغىلى بولارمىش. بەزى يەرلەردە يەنە كېچىدە چاچ تاراش مەنئى قىلىنغان (چەكلەنگەن). ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللارنىڭ شۇۋى قەدىر كېچىسى، قۇربان ھېيتتىن بۇرۇنقى بىر ھەپتە ئىچىدە، روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنى چاچ تاراش چەكلىنىدۇ. بۇ پەرھىزلەر بەلكىم خاسىيەتلىك ۋاقىتلاردا مەينەت (پاك بولمىغان) نەرسىلەرنى

قالدۇرماسلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئاياللار چاچ تارايدىغان ئورۇن جەھەتتىنمۇ پەرھىزلەر بار بولۇپ، ئادەتتە كۈن نۇرى چۈشكەن جايلاردا چاچ تارالمايدۇ.

ئاياللار چاچ تارىغاندا چاچنى يانتۇ ئايرىش چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئەگەر يانتۇ ئايرىلسا ئۇ دۇنياغا بارغاندا بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئىشى ھەققى، ئادىل ھالدا ئايرىلمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قارىغاندا بۇ بىر خىل دىنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئادەت بولسا كېرەك.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدىكى خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش كۈچەيدى. چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ شەھەرلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. ئۆز گۈزەللىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلىش جەريانىدا چەت ئەل ئاياللىرىنىڭ خىلمۇخىل چاچ پاسونلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى كېسىپ، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلارنىڭ تۈرلۈك «قۇلايسىزلىقلىرىنى» يوقىتىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ گۈزەللىككە گۈزەللىك، لاتاپەتكە لاتاپەت قوشۇپ تېقىملىرىدا «ئوينايدىغان» ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلار كۆز ئالدىمىزدىن ئاستا - ئاستا يوقالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلاردىكى چاچقا قاراپ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان... ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش ئادىتىمۇ يوقالدى. شەھەرلەردە ناھايىتى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئۆرۈمە چاچ شەكلى ئاساسەن تاق ئۆرۈمە (بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن)، قوش ئۆرۈمە (ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن)دىن ئىبارەت.

ئەمما، كەڭ يېزىلاردىكى ئاياللار ئادەت كۈچى ۋە ئەنئەنىنىڭ تەسىرىدە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى جىگدە يېلىمى، تۇخۇم، ناۋات، ئوسما، سىيادان قاتارلىق چاچقا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، چاچلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن، توم ھەم كۆركەم بولۇشىنى ئىزدىمەكتە.

ئىزاھات:

① شىڭ لى (邢莉): «جۇڭگو ئاياللار فولكلور مەدەنىيىتى» جۇڭگو ئارخىپ نەشرىياتى، 1995 - يىل 8 - ئاي، 1 - نەشرى، 145 - بەت.

② شۈۋەنباڭ (徐万邦) قاتارلىقلار: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت نەزەرىيىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىل 3 - ئاي، 1 - نەشرى، 74 - بەت.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا: «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى، 196 - بەتتىن 200 - بەتكىچە.


پايدىلانمىلار:

1) ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 7 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 16 - ، 66 - ، 82 - بەتلەر.

2) ئابدۇقەييۇم خوجا: «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى.

3) «كونا تاگنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

4) «يېڭى تاگنامە. كۆسەن تەزكىرىسى».

5) مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.

6) ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 10 - توم، 122 - ، 131 - ، 139 - ، 143 - بەتلەر، 11 - توم، 166 - ، 188 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى.

7) ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 156 - بەت.

8) ئەنۋەر سەمەد قورغان: «پەرھىز ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، 77 - ، 78 - بەتلەر.


ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور پەنلىرى 2005 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى.

# قەھرىمانلار ۋە ئىلاھلار



(ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ئىسلام دىنى
ئامىللىرى توغرىسىدا)

**كارل رېيشل** (گېرمانىيە)

ئەدەبىياتشۇناسلار قەھرىمانلىق داستانلىرىدا قەھرى-
مانلار ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى، پەزى-
لىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، دېگەن قاراشتا چىڭ
تۇرىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇقى، پەزىلىتى ئادەتتىكى
كىشىلەردىن يۇكسەك دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.
ئۇلار كۈچتۈڭگۈر، قەيسەر، قورقماس، زېرەك - چېچەن
بولىدۇ، ئۇلار مەرد، قولى ئوچۇق، ئادىل، ھەققانىيەتچى-
لەردۇر. ترويالىقلار گرېكلارنىڭ كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلى-
سىمۇ ئاكىللېس جەڭ قىلىشنى رەت قىلىدۇ. لېكىن پاتى-
روكلۇس ئاكىللېسنىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى كىيىپ باتۇر-
لۇق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، گرېكلارنى يېتەكلەپ، ترو-
يانىڭ سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىپ لۇكايا پادىشاھى سارپېر-
دوننى ئۆلتۈرىدۇ. بىراق، پاتروكلۇس ئۆزىمۇ ئاخىرىدا
خەكتور تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ
جەڭ مەيدانىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ (ئىلىيادا
كىتاب، 16 - ئەسىر). پاتروكلۇس ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى
قەھرىمانلىقىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولغان تروياliq خەكتور
بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ، قەھرىمان ۋە
قەھرىمانىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ كۆرۈ-
نۈش ھەقىقەتەن ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان. troyanıñ قەھرى-
مانى خەكتور، يەنى ئەلەم ماھارىتى ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈكىگە

بىز ئالقىش ياڭرىتىپ كېلىۋاتقان بۇ جەڭچى دۇئىلغا
چۈشكەندە، ئاپوللونىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ: «ئاپوللو
پاتروكلۇسنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ ھەمدە ساۋۇتىنى نو-
قۇپ، ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى چۈشۈرۈپ تاشلاپ، خەكتور-
نىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ».
بىزگە مەلۇم، ئىلاھلارنىڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان
كۆرۈنۈشلەر ئىلىيادا ۋەقەلىكىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ كۆ-
رۈنۈشلەر كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. ئەگەردە ئى-
لاھلار بىر قەھرىمانغا ياردەم بەرسە، بىز ئۇ قەھرىماننىڭ
باتۇرلۇق ۋە شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئېلىپ بارغان كۈ-
رەشلىرىدە نامايان قىلغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قابىلى-
يىتىدىن يۇقىرى بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارىغا چىن دىلى-
مىزدىن قايىل بولالامدۇق؟ ئۇنداقتا، قەھرىمانلار ئىلاھلار
قولىدىكى ياغاچ قونچاقمۇ؟ س. م. بوۋرا ئۆزىنىڭ ھومېر
تەتقىقاتىدا بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: «ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ
ئىشلارغا ئارىلىششى ھەقىقەتەن بار ئىش، شۇنداقلا تە-
بىئىي ئەھۋال؛ ھومېر ۋە ئوقۇرمەنلەر ئىنسانلار تىزگىنى-
لىيەلمەيدىغان بۈيۈك بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ
ئىلاھلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

تەقدىرنىڭ پىچىمگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ،
بىراق قەدىمكى گرېكلار ئىلاھلارغا تەقسىملەنگەن، لېكىن
بۇنىڭلىق بىلەنلا باش قەھرىمانلارنى سىرلىق ئويۇندىكى
ئولتۇمات دېسەك مۇۋاپىق بولمايدۇ. قەھرىمانلار ئۆز
ئارزۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ، ئۆزىگە
پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ؛ ئىلاھلار
ئۇلارغا ياردەم بېرىشى ياكى ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلى-
شىمۇ مۇمكىن. بىراق، يېڭىش ياكى يېڭىلىش قەھرىماننىڭ
ئۆزىگە باغلىق. ئەمما، ئاخىرقى كېسىمنى ئىلاھلار چىقى-
رىدۇ، لېكىن بۇ ئارىلىقتا ئىنسانلار ئەڭ زور تىرىشچاد-
لىقلارنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق شەرەپ
قازىنىدۇ» ① .

ياراتقۇچىلارنىڭ ئىشلارغا ئارىلىششى، قەھرىمانلار-
نىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدە تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچلەر-
نىڭ بولۇشى پەقەت گرېك ئېپوسلىرى بىلەنلا چەكلەن-
مەيدۇ، ئانگلو - ساكسون ئېپوسىدا بېئوۋۇلف ئالۋاستى
گرېندېلنى 30 ئادەمنىڭ كۈچىدەك كۈچ بىلەن بېلىكنى
قايرىپ ئۆلتۈرىدۇ، بىراق ئۇ گرېندېلنىڭ ئايالىنى يېڭە-
لىغان چاغدا ئىلاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.
ۋەھشىي يالماۋۇزنىڭ تىرناقلىرىدىن ساۋۇتى بىلەنلا
قوغدىنىپ قالماي يەنە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرىدىغان بىردىن-
بىر قورالنى ئىلاھ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئېگتېۋنىڭ ئوغلى
(بېئوۋۇلف)يەنى گېتسىنىڭ باتۇرى ئۇرۇش كۆڭلىكىنىڭ
ياردىمى بولمىغان بولسا، كەڭ دالىدا ئېزىپ يۈرگەن بو-
لاتتى، قۇدرەتلىك ئىلاھمۇ بۇ قاتتىق ئۇرۇشتا غەلىبە ئاتا
قىلمىغان بولاتتى؛ بېئوۋۇلف ئورنىدىن قايتا دەس تۇر-
غاندا، تەڭرىلىرنىڭ تەڭرىسى ئەقىللىق لورد ئۇنى قول-
لىغانلىقى ئۈچۈن ئىش ئوڭغا تارتقان» ② . رولاند
ئۆلگەندىن كېيىن، ياشىنىپ قالغان چارلېماگنې قەھرىمان
رولەندنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان
ئەمىر ساراسېن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، كۈچلۈك رەقىبىگە
باش ئېگىدۇ. بۇ چاغدا بىر پەرىزات پەيدا بولىدۇ ھەمدە
چارلېماگنېنىڭ ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ئىلھام بېرىپ،
ئۇنى ئۇتۇق قازىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر تەۋەك-
كۇلچىلىك ھېكايىلىرى چانسونلاردا پەرىزات ۋە ئىلاھلار
تۈرلۈك سورۇن ۋە پەيتلەردە پەيدا بولىدۇ، ھەتتا ئۇلۇغ
روھ ئىگىلىرىمۇ كۆكتىن چۈشۈپ، يات دىندىكىلەرنىڭ
ئۆزگىرىشىنى تىزلىتىپ، خرىستىئان دىنىنىڭ غەلىبىسىنى
قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتىن قارىغاندا، قەھرىمانلىق ئې-
پوسلىرىدا دىنىي ئامىللارنىڭ بولۇشى يوچۇن ئىش ئە-
مەس. ئەمەلىيەتتە، بەزى ئەنئەنىۋى (بولۇپمۇ ھازىرقى
ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن ئەنئەنىلىرىدە) دىنىي مۇراسىملار
ۋە ئېپوسلاردا قەھرىمانلار بىلەن ئىلاھلار ناھايىتى زىچ
بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلاھ-
لاشقان قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئې-
پوسلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە رەڭدار بولۇپ، ئىلاھلار بىلەن
قەھرىمانلارنىڭ بىرىكىپ كېتىشىنى چەتكە قاققىلى بول-
مايدۇ ③ . بۇ ئېپوسلار تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ،
دىنىي مۇراسىملار بىلەن باغلىنىشى يوق بولسىمۇ، لېكىن
نۇرغۇن داستانلاردا دىنىي ئامىللار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. بۇ
ئامىللار كۆپىنچە ئىسلام تۈسىنى ئالغان. بۇ يەردە ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە سىبىرىيىدە ياشىغۇچى قەدىمىي تۈركىي تىللىق
خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرى بىلەن شامانىزمنىڭ قەدىمىي باغ-
لىنىشىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھازىرقى
ئۇيغۇرلاردىكى (ئۆزبېك، تۈركمەنلەردىمۇ ئوخشاش)
داستانچىلارنىڭ «باخشى»دىن ئىبارەت ئالاھىدە ئاتالغۇ
بىلەن ئاتىلىشى يۇقىرىقى باغلىنىشنى ئىسپاتلايدۇ. ئېنىق-
كى، باخشى ئاتالغۇسى قىرغىزلار ۋە قازاقلاردىكى شا-
مانلارنى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شامانلارنىڭ ئەۋلادى
دىنىي ئەمچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ۋە
ئۆزبېكلەردە باخشى ئاتالغۇسى ئوخشاشلا دىنىي ئەمچىلەر
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نەجىب «ئۇيغۇرچە - رۇسچە
لۇغەت»دە «باخشى» دېگەن سۆزنى «كېسەل كىشىلەر-
دىكى يامان روھلارنى قوغلايدىغان تەڭرىنىڭ قۇلى؛ تې-
ۋىپ، سېھىرگەر؛ دوختۇر» دەپ چۈشەندۈرگەن ④ . بىر
چۈش ياكى ئوي سەۋەبىدىن باخشىلار مەيدانغا كېلىدۇ،
باخشىلارغا سېغىنىش ئوخشاشلا بىر چۈش ياكى ئوينىڭ
سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇلار شامانلارنىڭ شامان بولۇش
مۇراسىمىنىڭ ئەسلىمىسى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى پائالىيەت-
لەرنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن ⑤ . ئەلۋەتتە، مەن بۇ
ماقالىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ داستانلىرىدىكى شا-
مانىزمنىڭ تەسىرلىرىنى تەھلىل قىلمايمەن، گەرچە بۇ
داستانلاردا ئىسلامنىڭ تەسىرلىرى بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئە-
چىدىكى بەزى مەزمۇنلارنىڭ يىلتىزى قەدىمىي قاتلاملار-
دىن تېپىلىدۇ ⑥ .

مەدەنىيەت جەڭچىسى غازىلارنىڭ قەھرىمانلىق
ئىش - ئىزلىرى، ئەۋلىيالار ۋە باشقا ئۇلۇغلارنىڭ سىرلىق
پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن داستانلاردا ئىسلام دىنىنىڭ
ئېلېمېنتلىرى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام، توغرا قىلىپ

ئېيتقاندا، ھازىرقى ئىسلام مەيلى لىرىك ياكى رومانتىك تۈس ئالغان ھەممە قەھرىمانلىق (تارىخىي ياكى تارىخىي خاراكتېرنى ئالغان) تۈرىدىكى ساپ تۈرمۇش تەسۋىرلەنگەن داستانلاردىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن بۇ يەردە قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى داستانىنى تاللاپ مىسال قىلماقچىمەن. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئاغزاكى ئېپوسلىرى (يەرلىك ئاتالغۇدا «داستان» دەپ ئاتىلىدۇ) شۇ جايلاردا تارقالغان. ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا قوشنا بولغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى، بولۇپمۇ قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستاندا ياشايدۇ ⑦ .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكلورىغا ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى توپلاملىرى رادلوفنىڭ 1886 ـ يىلى نەشردىن چىققان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىن يىغۇۋېلىنغان يىرىك توپلام «تارانچى»دۇر. گەرچە بۇ توپلامدا «تاھىر ـ زۆھرە»، «چىن تۆمۈر باتۇر» ⑧ غا ئوخشاش ئېپوس ياكى رومان تىپىدىكى فولكلور ئەسەرلىرى بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ تېكىست «ئېپوس» دەپ نەشر قىلىنمىغان. ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ نۇرغۇن ۋەقەلىكلىرى، شۇنداقلا داستانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بايان قىلىش ئۇسۇللىرى باشقا قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. بولۇپمۇ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن تولىمۇ يېقىن بولغان ئۆزبېكلەر بىلەن تېخىمۇ شۇنداق. باشقا قەدىمىي تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئېپوسلىرى (ھەممىسى ئەمەس)غا ئوخشاش ئۇيغۇر داستانلىرى شېئىرىي قىسىم بىلەن نەسرىي قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. نەسرىي قىسمى ئادەتتە سۆزلىنىدۇ ياكى تەسۋىرلىنىدۇ، شېئىرىي قىسمى بولسا راۋاب، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلارنىڭ تەڭكىشىدە ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدۇ ⑨ . داستانلار تېمىلار بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. داستانلارنىڭ بىرىنچى تۈردىكىسى ئىنگلىزچە «رومانلار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئالايلۇق، ئۇلارنىڭ «غېرىب ـ سەنەم»گە ئوخشاش ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئايرىلىشى، ئاخىرىدا بىرلىشىدىغان ۋەقەلىكى سۆزلىنىدىغان بىر تۈركۈم داستانلىرى بار؛ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»غا ئوخشاش بەزى داستانلار دىنىي دەستۇرلاردىن (بۇ داستان «ئىنجىل»دىكى يۈسۈپنىڭ ھېكايىسىدىن) ئېلىنغان ⑩ . قەھرىمانلىق داستانلار تۈرىدىكىگە مەنسۇپ بولغىنى جۆچەكلەر ۋە جۆچەكلەر موتىفى ئاساسىدا يارىتىلغان «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدۇر. ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىغا خاس ئالاھىدىلىك ھازىرلانغان. قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن فرانسىيە قەدىمكى ئەدەبىياتىدا «روماداۋېنچېر»دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ «گۆر ئوغلى» داستانىدىن تاپقىلى بولىدۇ. تارىخىي داستانلار تۈرگە كىرىدىغان داستانلار «ئابدۇراخمان خان غوجا»، «سېيىت نوچى» داستانلىرىغا ئوخشاش بىر قىسىم تارىخىي خاراكتېر ئالغان (ياكى تارىخىي تۈس ئالغان) داستانلاردا قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلارمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ⑪ . بۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرىدە قەھرىمانلىق روھنىڭ دىنىي مەزمۇنلارنىڭ ئىچىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىشىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇنى «ئابدۇراخمان غوجا» داستانىنى تەھلىل قىلغاندا كۆرۈپ ئۆتىمىز. بۇ تۈرگە كىرىدىغان داستانلار تىپىك ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بولۇپ، باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ داستانچىلىق ئەنئەنەلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن داستانلىرى (ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 40 پارچە) شىنجاڭدا توپلىنىپ، «بۇلاق»، «مىراس» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. شۇنداقلا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈرلەر بويىچە ئايرىم نەشر قىلىندى⑫ .

مېنىڭ تۇنجى مىسالغا ئالىدىغان داستانىم ئۇيغۇرلارنىڭ «ئابدۇراخمان خان غوجا» داستانى بولۇپ، بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن «سېيىت نوچى» داستانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىزگە مەلۇم، غوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 16 ـ ئەسىردە باشلانغان ⑬ . 1826 ـ ، 1827 ـ يىلى غوجىلار ئائىلىسىدىكى جاھانگىر غوجا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ تېزلا باستۇرۇلىدۇ. 1860 ـ يىللاردا ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭدا مالىمانچىلىق قوزغايدۇ. بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا خوتەنمۇ بار ئىدى؛ بۇ يۇرت 1878 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن بىر يىل كېيىن چىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن قايتۇرۇلۇۋېلىنىدۇ. «ئابدۇراخمان غوجا» داستانى خوتەننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا ئېتىقاد يولىدا قۇربان بولغانلارغا بېغىشلانغان. شېھىدانە خوتەندە بىر كىشى بولۇپ، ئېتى ھەبىبۇللا

مۇفتى ھاجى ئىكەن، بۇ كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، كەنجىسىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان ئىكەن. ئابدۇراخمان مەدرىسكە بېرىپ قۇرئاندىن ساۋاتىنى چىقىرىپتۇ. ئابدۇراخمان يەتتە ـ سەككىز ياشلارغا كىرگەن بىر كۈنى ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئابدۇراخماننىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن نېمىشقا پەرىشان ئىكەنلىكىنى ھەمدە نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئابدۇراخمان ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ:

ئۆز يۇرتىنى ئالەمدە،
سۆيمەيدىغان ئەر بارمۇ؟
شېھدانە خوتەندەك،
غەپلەت باسقان يەر بارمۇ؟
شۈكەمگىچە كۆرمىدىم،
كۈندۈز ـ تۈننىڭ پەرقىنى
ئەزەل قارا قىلغانمۇ،
خوتەنلىكنىڭ بەختىنى؟
كەربالاغا ئوخشايدۇ،
پىيالمىنىڭ چۆللىرى.
ئىمام ھەسەن ـ ھۈسەندەك،
خازان بولدى گۈللىرى.
شۇڭا دىلىم سۇنۇقتۇر،
غەم پەيمانىم تولۇقتۇر.
تاپسا يۇرتۇم ئاسايىش،
بۇ ھەممىدىن ئۇلۇغتۇر.

بۇ نەزمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بوۋاي شاد ـ خۇرام ئىچىدە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، مۇبارەك قولى بىلەن خان غوجىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئېيتتىكى:

ئى بالام، جانىم بالام،
ھەق يولغا كىرىپسەن.
ئانا سۈتىن ئاقلاشنى،
قەرزىڭ ـ پەرزىڭ بىلىپسەن.
ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە،
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغايسەن.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىڭغا،
ئەبەد سادىق بولغايسەن.
زۇلۇم، كۈلپەت باغرىغا،
خۇرۇچ خەنجەر ئۇرغايسەن.
ئامبال ـ دوتەي تەختىنى،
گۇمران قىلىپ چاققايسەن.
شۇندا مەھشەر بارغاندا،
شېھىت خەلقىڭ ئالدىدا،
ئاق يۈز بىلەن باققايسەن.
روھىڭ تولۇپ ھۆرمەتكە،
پىلسىراتتىن جەننەتكە،
پەرۋان بولۇپ ئاققايسەن.

خىزىر بوۋاي خان غوجىنىڭ ئېغىزىنى ئاچقۇزۇپ ئابزەمزەم ئىچكۈزىدۇ⑭ .

ئەسەرنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئابدۇراخمان غوجا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، 500 ئوقۇغۇچىنىڭ باشلىقى بوپتۇ ۋە ئۇلارغا ئىلچىنىڭ (خوتەننىڭ بۇرۇنقى نامى) زالىم ئامبىلغا قارشى جەڭ قىلىشقا جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپتۇ. ئابدۇراخمان 30 ياشقا يېقىنلاشقاندا، ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. ئىلچىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ شەھەرنى ئاتىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئابدۇراخمان يات دىندىكىلەر بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپتۇ. ئىسمائىل ئىسىملىك بىرسىنى ئامبالنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە ئىسمائىل ئابدۇراخمانغا قەست قىلىشقا ئامبالغا سېتىلىدۇ. ئىسمائىل خائىنلىق قىلىپ ئابدۇراخماننى ئۆلتۈرىدۇ. داستان ئابدۇراخماننىڭ ئۆلۈمگە ئاتالغان مەرسىيىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ داستان ئادەتتە غازاۋەتنامە ياكى جەڭنامە تۈرىگە ئايرىلغان. بۇ ئاتالغۇلار (ئەرەبچە «غازاۋەت» يەنى «ھۇجۇم قىلىش»، پارسچە «جەڭ» يەنى «ئۇرۇش» بىلەن «نامە» يەنى «كىتاب» دېگەن سۆزدىن تۈزۈلگەن). داستاندا قەھرىمانىنىڭ (غازىنىڭ) ئاللانىڭ نامىدا دىنسىزلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىش ـ پائالىيەتلىرى مەدھىيىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ داستانلاردىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇ داستانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ دەۋرداشلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ (ئەرەبچە ماغەزى دېيىلىدۇ) ئۇرۇشلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ خىل تىپقا مەنسۇپ داڭلىق ئەسەرلەردىن پىرسىيە ۋە بىرقانچە تۈركىي تىللاردا ھازىرمۇ ساقلانغان 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بىر غازى (ئابۇمۇسلىم» ھەققىدىكى چۆچەكى ياكى «سېيىت باتتەل» 8 ـ ئەسىردىكى «ئۇممەيە»، ساپ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئىككى تۈرك بېگى «يۈسۈپ ئەخمەت» ئۇيغۇر، قازاق، تۈركمەنلەرنىڭ بىر داستانىدا تىلغا ئېلىنغان ئىرانلىق ئىسمائىل «قىزىل باش» بىلەن جەڭ قىلىدۇ⑮ . بىزنى قىزىقتۇرىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئابدۇراخماننىڭ چىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئامبالغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ جەڭلىرى داستاندا

«غازات» دەپ ئاتىلىدۇ. «پەيالمىغا يېقىن قالغاندا دۈش-
مەنلەرگە ئۇرۇش (غازات) ئېلان قىلىشقا ئىسمائىلنى ئەل-
چىلىككە ئەۋەتىپتۇ»[16] .

خىزىر ئوبرازى قەدىمىي تۈركىي تىللاردا سۆزلىشى-
دىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايان ئەدەبىياتى ۋە ئاغ-
زاكى داستانلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەۋلىيا دائىم ۋە-
قەلىكنىڭ بېشىدا قەھرىماننىڭ كەلگۈسى سىرلىق كەچۈر-
مىشلىرىدىن بېشارەت بېرىپ، كەلگۈسى قەھرىماننىڭ ئا-
تا ـ ئانىسىغا خاسىيەتلىك سوۋغا بېرىدۇ (ئادەتتە تۈرك
ھېكايىلىرىدە ئالما تىپىك سوۋغىلارنىڭ بىرىدۇر) ھەمدە
بالىنىڭ ئات قويۇش مۇراسىمىدا دەرۋىش قىياپىتىدە پەيدا
بولۇپ، قەھرىمانغا ئەقىل ۋە يول كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ
پارلاق كەلگۈسى توغرىسىدا بېشارەت بېرىدۇ؛ بەزى ئې-
پوسلاردا خىزىر قەھرىمانغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ۋە قورال
بېرىدۇ ھەمدە قەھرىماننىڭ يارامىلىق ئات تېپىۋېلىشىغا
ياردەم بېرىدۇ. خىزىر ياكى خىزىر ئىلياس ئادەتتە ئىسلام
مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ؛ بۇ ئوبراز ئەۋلىيالار ئىچىدىكى ئەڭ
مۇھىم ئەۋلىيا بولۇپ، ئاساسەن كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ،
ئۇ ئادەتتە ئۇزاق ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي سۈپىتىدە تەس-
ۋىرلىنىدۇ[17] . بىر ئوبرازنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلام بىلەن
باغلىنىشى، ئىسلامدىكى ئاتالغۇلارنىڭ داستاندا قوللىنىشى
(مەھشەر ۋە پىلسىرات دېگەنگە ئوخشاش) شۇنداقلا خۇد-
دى «زەمزەم» دېگەندەك ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان
نەرسىلەرنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىلەر قىلىپ قوللىنىشى ئە-
جەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. داستاننىڭ قىزىقارلىق يېرى
شۇكى، داستاندىكى باش قەھرىمان سۈننىي مەزھەپ تۇسى
قويۇق بولغان خوتەندە ئۆز يۇرتىدا دىنىي ئەركىنلىكنىڭ
بېسىمىغا ئۇچرىشىشنى كەربالادىكى تراگېدىيىگە سېلىش-
تۇرغان، خوتەندىكى ئىسلامنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئەلىنىڭ
ئوغۇللىرى ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن سېلىش-
تۇرغان. بىز بۇلارنى داستاندىكى شىئە مەزھەپدىكىلەرنىڭ
ئۆزىنى ئىپادىلىشى دەپ چۈشەنسەك بولامدۇ ـ يوق؟ بۇ
سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ
يەنە بىر داستانىغا قاراپ باقايلى:

ئەمدى بىز تىلغا ئالماقچى بولغان داستان ئوتتۇرا
ئاسىيادا كەڭ تارقالغان ئېپوس «گۆر ئوغلى» نىڭ ئۇي-
غۇرچە ۋارىيانتىدۇر. بۇ ئېپوسنى ئاناتولىيىدىن شىنجاڭ-
غىچە بولغان قەدىمىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىل-
لەتلەر ھەمدە تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە بولمىغان مىللەت-
لەر، بولۇپمۇ تاجىكلاردىمۇ تاپقىلى بولىدۇ[18] . بىز بۇ
يەردە تىلغا ئالماقچى بولغان نەزمىلەر ئۇيغۇرچە نەشرى-
دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قەدىمىي
تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا قەھرىمان ئانىسى
ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلىدۇ. ئېنىقىنى ئېيتقانىدا،
گۆردە تۇغۇلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئېتى «گۆر ئوغلى» دەپ
ئاتالغان[19] . بۇ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتتا قەھرىماننىڭ ئاپى-
سى زۆلپەر ئايىم پەقەت ئەلىنىڭ بىر نەزەرى بىلەنلا بو-
يىدا قالىدۇ: «ئەلى دۈلدۈلغا مىنىپ زۆلپار ئايىمنىڭ
ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە «بۇ ئاي يۈزلۈك قىزدىن بىر
بالام بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!» دەپ
ئويلاپتۇ، بۇ چاغدا قىز تىترەپ كېتىپتۇ ھەمدە بويىدا
قاپتۇ. زۆلپار ئايىم ئۆزىنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى بىلگەندىن
كېيىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاللادىن ئۆزىنىڭ
ئۆلۈمىنى تىلەپتۇ. ئۇنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئېشىپتۇ، بىراق،
زۆلپار ئايىمنىڭ مېيىتى گۆرگە كۆمۈلگىچىلىكمۇ بالا دۇنياغا
كۆز ئاچماپتۇ. بالىغا ئەلىنىڭ بىر بايتىلى سۈت بېرىپ تۇ-
رۇپتۇ، بۇ ئىشنى ئەلىنىڭ ئات باقارى قەمبەر سېزىۋاپتۇ.
بالىنى تاغىسى بېقىۋاپتۇ ھەمدە بالىغا «گۆر ئوغلى» دەپ
ئات قويۇپتۇ. بىر كۈنى جەيھۇن پادىشاھىنىڭ يالاقچىسى
گۆر ئوغلىنى ئالداپ گۆر ئوغلىنىڭ گۈزەل چوڭنىسىنى بۇ-
لاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن گۆر ئوغلى يېشىغا
توشقاندا چوڭنىسىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە
ئاتلىنىپتۇ. ئۇ جەيھۇنغا يېقىن قالغاندا، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ،
ئۇلۇغلاردىن ياردەم تىلەپ تۆۋەندىكى ئىلتىجاسىنى ئو-
قۇپتۇ:

ئىسمىڭدىن ئۆرگىلەي ياراتقان ئاللا،
مەددەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا!
گۆر ئوغلى دەر: مېنى قىلمىسۇن رەسۋا!
مەددەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا!
غېرىبمەن بۇ يەرگە، ماڭا يوق ئەسرار،
مۇساپىرمەن سەندىن ئۆزگە كىمىم بار.
ئېتىڭدىن ئايلىناي ياراتقان جاپپار،
مەددەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا!

كۆڭلۈمدە يوقتۇر زەررىچە قارا،
ئاسىيلەرگە ئىرۇرسەن پۈشتى پاناھ.
تەسەددۇق نامىڭغا يا رۇسۇلىللام،
مەددەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا!

ئۈمىدىم بار ھەقتىن تەڭلا شاپائەت،

ھەممە يىغىلغاندا بولۇر قىيامەت.
خۇدانىڭ دوستى يا رەسۇل ئەھمەد،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا!

بۇ چۆللەردە مېنى قىلمىغىن ھەيران،
كۆڭلۈم گىرياندۇر، باغرىم ھەم بەريان.
ئابابەكرى، سىددىق، ئۆمەر ۋە ئوسمان،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۈمىد ئەيلەر سەندىن بارچە مۇسۇلمان،
قولۇم تۇتقىن بۇدەم ۋەختىم پەرىشان.
مەردلەرنىڭ پىرى يا شاھىمەردان،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۇشبۇ چۆل ئىچرە كۆردۈم لالىزار،
لالىزار ئىچرە مەنمۇ بىقارار.
ھەقىقى دوستۇم دېگەي چارىيار،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا!
خۇدايا نەپىس ئۈچۈن سالمىغىن ۋەسۋەس،
يېزىدىلەرگە ئۇرسام شەمشىرى ئالماس.
مەريەم ھەم غىياس، يا خىزىر ئىلياس،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۈمىد بىلەن دەردنى ئېيتىپ يۈكۈندۈم،
تەرەھھۇم ۋاقتى دەپ يادەك پۈكۈلدۈم.
قىرىق چىلتەن، ئون ئىككى ئىمام سېغىندىم،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

گۆر ئوغلى دەر: كۆككە يەتتى پىغانلار،
دۇئادىن كۆرەيىن ئەمدى نىشانلار.
يەر يۈزىدە ياتقان ئۇلۇغ ئىنسانلار،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا[20] .

بۇ پارچە ئالدىنقى مىسالغا قارىغاندا، بىرقەدەر مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، بىز بۇ نەزمىدىن تۆنجى بولۇپ تۆت «خەلىپە»نىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرىمىز. بۇ «تۆت دوست» پارىسچىدا «چاھارىيار» ياكى نەزمىدە (1.27) تىلغا ئېلىنغاندەك «چارىيار» دېيىلىدۇ[21] . بۇلار بۇ نەزمىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى «ئاللانىڭ ئەلچىسى» (1.11 رەسۇلىللا) ھەمدە 61 ـ سۈرە 6 ـ پارىدە تىلغا ئالغاندەك «رەسۇل ئەھمەد» (1.15) دەپ تىلغا ئېلىنغان؛ نەزمىدە يەنە «ئابۇبەكرى» (1.19)، «ئۆمەر ۋە ئوسمان» (1.19)، ئاخىرىدا «ئەلى يەنى قەھرىمانلارنىڭ پادىشاھى»، شاھىمەردان (1.23) قاتارلىق ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېيسانىڭ ئانىسى مەريەم (19 ـ سۈرىدىكى مەريەم)، ياخشىلىق قىلغۇچى خىزىر، غىياس ۋە قىرىق چىلتەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. غىياس ياردەم بەرگۈچىنىڭ سىمۋولى؛ بۇ رىۋايەت تۈسنى ئالغان ئەۋلىيانىڭ نامى ئەرەبچە (غىيەھ ئال ـ دىن» يەنى «دىنغا ياردەم بەرگۈچى»دىن كەلگەن. بۇ نام ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان (باشقا قەدىمى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ شۇنداق). قىرىق چىلتەن (پارىسچىدىكى چېھىل تان «قىرىق ئادەم» دىن كەلگەن) خىزىرغا ئوخشاش «غايىب ئەرەنلەر»گە تەۋە بولۇپ، بۇ كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان ئەۋلىيالار بولۇپ، كىشىلەر ياردەمگە موھتاج بولغاندا پەيدا بولىدۇ[22] . قەھرىماننى ئانىسىنىڭ گۆرىدىن تېپىۋالغان قەمبەرمۇ مۇشۇ تۈركۈمدىكىگە تەۋەدۇر. قەمبەر ئادەتتە «بابا قەمبەر» دەپ ئاتىلىپ، ئەلىنىڭ ئات باقارى دېيىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلامدا يىلقىلارنىڭ، يىلقا تۆللىرىنى قوغدايدىغان پىر (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردا) دەپ قارىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن قەمبەرنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئېتىقادنىڭ قالدۇقىمىكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز[23] .

قەھرىمان 12 ئىمامدىن ياردەم تىلەيدۇ (1.35). بۇنىڭدىن بىز ئېپوسچى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى شىئە مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرى دەپ پەرەز قىلساق بولامدۇ؟ بىز كۆرگىنىمىزدەك «بۇ داستاندا ئەلى مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇ، داستاندا قەھرىمانغا ياردەم بەرگۈچى بولۇپلا قالماي يەنە قەھرىماننىڭ دادىسىدۇر. رۇدى پارەت «ماغازى» تەتقىقاتىدا تەكىتلەپ: شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى بۇ تۈردىكى داستانلارنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، خەلىپە ئەلى مۇھىم رول ئوينىغان[24] . تۈركلەرنىڭ «مالىك دانىشمەن» دېگەن غازاۋەتنامىسىدە 12 ئىمامغا ئوقۇلغان مەدھىيە نەزمىسى بار. بۇ داستاننىڭ تەھرىرى ۋە تەرجىمانى ئىراني مالىكوف بۇ داستاننىڭ ئالاھىدىلىكىنى «روشەنكى، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىلھامى» دېگەن[25] . شۈبھىسىزكى، بۇ داستانلاردا سۈننىي مەزھەپنىڭ تۈسى قويۇق. بىراق، ئەنئەنىۋى يازما ئەسەرلەردە شىئە مەزھەپىنىڭ دەۋىتىمۇ ئوخشاشلا ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ تارقالغان. مېنىڭچە، بۇ خىل يۈزلىنىشنى ئاغزاكى ئېپوسلار ۋە يازما

ئەسەرلەرنىڭ مەنبەسىنى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن
ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن مىسالنى
ئۆزبېك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئالايلى: مۇتلەق كۆپ
قىسىم ئۆزبېكلەر ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغاندىن
باشقا يەنە بىر قىسمى قوشنا جۇمھۇرىيەتلەر ۋە شىنجاڭدا
ياشايدۇ. ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرلارغا يېقىن بولغاچقا، شىنجاڭ-
دىكى ئۆزبېكلەر ئادەتتە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ㉖ .

ئۆزبېكلەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم ھەم داڭلىق بولغان
قەھرىمانلىق ئېپوسى (ئالپامىش) تۇر. بۇ ئېپوس كۆپ
قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق زىيالىيلار بىر-
دەك 1928 - يىلى فازىل يولداش ئوغلى (1872 - 1955)
ئېيتىپ بەرگەن نۇسخىسىنى ئەڭ ياخشى، ئۈسلۇبى نە-
پىس، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تولۇق نۇسخىسى يېقىندىلا
نەشردىن چىققان㉗ . بۇ نەشرىدە داستان ئىككى چوڭ
پارچىغا ئايرىلغان، بۇ پارچىلاردا خىلمۇخىل ئەۋلىيالار
تىلغا ئېلىنىدۇ ھەم ياردەم قىلىدۇ؛ بۇ پارچىلار فازىل
يولداش ئوغلىنىڭ نەشر نۇسخىسىدىن قىسقارتىلغان بو-
لۇپ، بىرىنچى پارچىدا قەھرىمان سۆيگىنىگە ئېرىشىش
ئۈچۈن چوقۇم غەلىبە قىلىشى كېرەك، دېگەندەك ۋەقە-
لىكتىكى خىلمۇخىل زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلىدۇ㉘ .
ئىككىنچى پارچىدا ئالپامىش خۇداغا ئىلتىجا قىلىدۇ.
«ئەلى ۋە نۇرغۇن ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمىدە يەر ئاستى
زىندانىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىلتىجاسى ناھايىتى
مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ئېتى بايچىبارنىڭ قۇيرۇقى
سىرلىق ئۈزۈلىدۇ. قەھرىمان ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ
تۈرمىدىن چىقىدۇ. قالماق خانى ۋە ئۇنىڭ ئەسكىرى يې-
قىنلاپ كەلگەندە ئالپامىش «يا ئەلى!» دەپ ۋارقىراپ
ئۆرۈشقا ئاتلىنىدۇ ھەمدە دۈشمەنلىرىنى «قىرىق چىل-
تەن»نىڭ ياردىمىدە يېڭىدۇ. مەن نەزمىنىڭ كىچىك بىر
بۆلىكىنى تىلغا ئالماقچىمەن㉙ :

ئەزىمەت مەرد ئىدىم، بولمايىن ناچار،
دوستقا زار ئەيلىمە، دۈشمەنلەرگە خار.
شاھىمەردان، شاھى كەۋسەر يول باشقىلار،
ئەلىنىڭ شاگىرتى بابائى قەمبەر.

ئەلى بىلەن يولداش مەلىكى ئەجدەر،
رەھمەت دەريا تاشار ئۇل فەيزى سەھەر،
رەھمىتىڭدىن مەندەك مىسكىن ئۇمىدۋار،
رەھمەت دەريا تاشاراتىلەر دەرۋىشلەر،
ساداغاڭ بولايىن ئىمام، چىلتەنلەر.

رەھىم ئەيلەپ، يار بولۇڭ ناچار قۇللارغا،
دۇنيادىن ئۆتتىلەر ئون ئىككى ئەھمەد،
جانۇ دىلدىن قىلدى خۇداغا خىزمەت،
ساداغاڭ بولايىن، راسۇل مۇھەممەد،
ئاتىڭدىن ئايلاناي قەزىيۇل ھاجەت.

ئۆلۈمگىنى كېيىن بەر، ئىمانغا قۇۋۋەت،
ئاۋۋال بەرگىن باش دۆۋلەتنىڭ - تانىساھەت،
شەيتاندىن ئىماننى ساقلاڭ سالامەت،
ھەزرەتى نوغەي، ئەر باخشەيىش، يا مەدەد،
مەزگىلىڭ غازىرا شاھى خۇدايەدەد.

مەرگەنلەرنىڭ پىرى جامشىدۇ ئەھمەد،
راھىم ئەيلەپ، يار بولىڭ ناچار قۇللارا.
....................
خوجا يۇسۇف ھەمادەنىي، بولىڭ يار،
خوجا ئەھمەد، باشىر، خوجايى چار چىنار،
كەمىل پىرلار، بولىڭ ئەندى مەدەدكار،
بىر نەزەر ئەيلىسە ئەزىز چىلتەنلەر.

بىز بۇ پارچىدىن بىزگە تونۇش بولغان تىلەك ۋە
ئوبرازلارنى كۆرۈۋالالايمىز. ئالايلۇق، ئاللا (قەددى
ئۇل - ھەجەت، 1.9559) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (1.9558)
تىلغا ئېلىنغان. ئەلى، شاھىمەردان (11.9548)، ئەلىنىڭ ئات
باقارى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسى بابا قەمبەر (1.9549)
قىرىق چىلتەن (11.9554.9592)، شۇنداقلا دەرۋىشلەر
(1.9553)، ئىماملار (1.9554)، پىرلار (11.9565.9591) تىلغا
ئېلىنغان. يۇقىرىقى مىساللاردا تىلغا ئېلىنغان ئەۋلىيالار
رىۋايەت تۈسگە ئىگە ئوبرازلاردۇر. شاھى كەۋسەر جەن-
نەتتىكى دەريانىڭ ئادەملەشتۈرۈلگەن ئوبرازى بولۇپ
تەسۋىرلىنىدۇ㉚ . بۇنىڭغا ئوخشاش مەلىكى ئەجدەر
«پادىشاھنىڭ ئەجدىھارى» (1.9550) ئەپسانىۋى ئوبرازغا
ئوخشايدۇ. رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئوبرازلاردىن ئەۋلىيا
ھادراتى نوغەي (1.9563)، ئېرباخشەيىش (1.9563)، شەيخ
خۇدەيەدد (1.9564)، جەمشىد ۋە ئەخمەد (ئوۋچى ۋە

مەرگەنلەرنى قوغدايدىغان ئەۋلىيالار) (1.9565)، شۇنداقلا باشىر (1.9590) قاتارلىقلار بار㉛. 12 ئەھمەد بولسا، ئەھمەد ئىسمى بىلەن ئاتالغان 12 ئەۋلىيادۇر، خوجا چەرچىنەر بولسا، ئۆزبېكىستاندىكى ئۈرگۈتتا يېقىن چەرچەنەردە ئۇلۇغلىنىدىغان بىر ئەۋلىيادۇر. بۇ پارچىلارنىڭ يېڭىلىقى شۇكى، ئۆزبېكلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان خوجا ئەھمەد (1.9590) ئوخشاشلا قاراقالپاق ۋە قازاقلارنىڭ ئاغزاكى ئېپوسلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئېنىقكى، 12 - ئەسىردىكى شائىر ۋە سۇفى ئەھمەد يەسەۋى بولسا، يەسەۋى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر. «نەقشبەندى» ئەسرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مۇسۇلمانلارغا كەڭ تارقالغان㉜. ئەھمەد يەسەۋىدىن باشقا سوپىزمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەكىلى يۇسۇپ ھامادانى (1.9589) تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ بولسا يەسەۋى ۋە نەقشبەندى سۇفىسلارنىڭ ئۇلۇغ يېتەكلىگۈچىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئاغزاكى ئېپوسلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەلى ۋە 12 ئىماملار سىرلىق ئىلھام بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگىدۇر. ھەممە ئېپوسلاردا دىنىي تەسىرلەر ئىپادىلەنمەيدۇ، بىراق نۇرغۇن ئەنئەنىلەردە بۇ خىل تەسىر ھەققەتەن كەڭ تارقالغان.

بۇ داستانلار بىزگە نېمىنى ئېچىپ بېرىدۇ؟ ئەنئەنىۋى سۇننىي مەزھەپ ئېتىقادى، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىنىدىغان ئەۋلىيالىرى ھەمدە ياردەم بېرىدىغان ئىلاھلارنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى، شۇنداقلا شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەلى، 12 ئىماملار، سوفىزم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي قېرىنداشلىق پەيدا قىلغان دىنىي قىزغىنلىق بىلەن باغلىنىدۇ㉝. بۇ ھالەت بىزنىڭ بەزى ئەۋلىيالارنىڭ مەنبەسىنى تېپىۋاتقىنىمىزدا تېخىمۇ رەڭدار كۆرۈنىدۇ. نۇرغۇن چاغلاردا بىز بىر ئەۋلىيا ئوبرازىنى تەكشۈرگەندە ئۇنىڭ ئوبرازىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ئۇلۇغلار بىلەن بولغان باغلىنىشىنى تېپىشقا تىرىشىمىز. خۇددى بابا قەمبەرگە ئوخشاش، گەرچە بابا قەمبەر «ئەلنىڭ ئات باقارى» دەپ ئېنىق ئېلىنسىمۇ، دېگەندەك㉞. يۇقىرىدا ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك داستانلىرىدىن بىرقانچە پارچە ئېلىپ قىسقا مۇلاھىزىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قەدىمىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئېپوسلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ دىنىي تارىخى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىي تارىخى ھەققىدە بىزنى مول ئىنسانشۇناسلىق ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىراق، بۇ داستانلار دىنىي ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن تۇنجى داستانلار ئەمەس، لېكىن قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ۋە مۇشكۇلاتقا تولغان تەۋەككۇلچىلىكلەر ئىپادىلەنگەن بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش ھېكايىلىرىدۇر. ئەگەردە ئىلاھلار قەھرىمانغا ياردەم بەرسە، بۇ ھەرگىز قەھرىماننىڭ شەنىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. «ئىلىيادا»دىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئېپوسلاردىكىدەك قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلار پۈتۈنلەي ئىلاھلار ياكى ئىلاھلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ؛ بوۋرا ئېيتقاندەك: «ئىلاھلار ئاخىرقى كېسىمنى چىقىرىدۇ، بىراق، بۇ جەرياندا ئىنسانلار ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، قەھرىمانلىقى ئۈچۈن شەرەپكە ئېرىشىدۇ».

---

ئىزاھلار:

① Bowra 1972: 110.

② Lines 1550 – 1556; quoted from E. Talbot Donaldson' s prose translation (in Tuso 1975: 27).

③ My transcription of Modern Uighur and ther Turkic languages follows the practice of the Philolgiae Turcicae Fundamenta (Deny et al. 959), with the following exceptions: I am using <g> instead of gamma for the velar fricative, <j> instead of <g> for the voiced affricate, and <ɑ> instead of <å> for the velar /a/ in Uzbek. The transcription of Arabic and Persian onforms to the system used in the International Journal of Middle Eastern Studies. Russian is transliterated according to the system used in linguistics.

④ Nadžip 1968: 185. On shamanistic practices among the Uighurs, see Du Shaoyuan 1995; on the baxši as shaman and faith healer, see Castagné 1930.

⑤ See žirmunskij 1979.

⑥ For general introductions and surveys of Turkic oral epic poetry, see Chadwick and Zhirmunsky 1968 and Reichl 1992.

⑦ The Uighur population in Xinjiang exceeds six million and amounts to ca. 260.000 in the ormer Soviet Union; see Sadvakasov 1996: 437.

⑧ A version of Tayi and Zohra (Tahir and Zohra) with a German translation was published by Raquette 1930. For a modern edition of ? in Tömür Batur, see Raxman 1981: 21 – 44; for a German translation, see Reichl 1986: 82 – 100; see also Zacharko 1923: 297 – 312.

⑨ On the prosimetric form of Turkic epic poetry, see Reichl 1997.

⑩ Both edited in ömer 1986.

⑪ Seyit Noci is edited in Raxman 1981: 45 – 84; an extract is found on the record Ujgurskie istoric eskie pesni (Alma – Ata: Melodija, 1986), No. 1.

⑫ On the present state regarding Uighur dastans and their study, see Raxman 1984: 87 – 113.

Footnotes⑬ See Spuler 1966: 239ff.

⑭ For the whole text, narrated byš. Mammat, see the edition in Raxman 1981: 87 – 120; this extract is found on pp. 88 – 90.

⑮ On the maghāzī genre, see Paret 1930; the various version of Abū Muslim are treated in Mélikoff 1962. For a discussion of the jang – nāme in Uzbek, see žirmunskij, Zarifov 1947: 112 – 122. An Uzbek version of Yusuf and Ahmad was published and translated by Vámbéry as early as 1911; a Turkmen version is found in ? Özkan 1989.

⑯ Raxman 1981: 108 – 109.

⑰ See Wensinck 1978; on this figure in Turkish ghazawāt – nāmes, see Koksal 1984: 175 – 178. Cf. also Hanc erlioglu 1984: 158 – 159; Usmānov 1989: 269 – 270.

⑱ For a survey, see Karryev 1968.

⑲ This text is edited in Tatliq 1986: 1 – 280; it is in the main based on a version written down in 1915 from Molla Salay from Marawes in Xinjiang (1875 – 1950).

⑳ Tatliq 1986: 18 – 20.

㉑ In Uzbek they are called cāryārlar; see Usmānov 1989: 277 – 278.

㉒ See Tokarev et al. 1980 – 82: II, 629; Usmānov 1989: 277.

㉓ See Tokarev et al. 1980 – 82: I, 618 – 619; Basilov 1970: 55 – 68.

㉔ See Paret 1930, 206 – 207 and 190ff.

㉕ Mélikoff 1960: I, 299, note (1).

㉖ There are over 16 million Uzbeks in the former Soviet Union; in Xinjiang the number of Uzbek speakers is given as ca. 15.000 in Xodziev 1996: 426. Two Uzbek dastans from Xinjiang are published (in Uighur) in Barat 1985 (Niyāz bilan Zibā and rzigul).

㉗ Mirzaev, Abdurahimov, Mirbadaleva 1999. For a general discussion of the various Turkic versions of this story, see zirmunskij 1960; for the Uzbek versions, see Mirzaev 1968.

㉘ Mirzaev, Abdurahimov, Mirbadaleva 1999: 185 – 186 (l. 4060ff.); see note 112 on pp. 807ff.

㉙ The whole text is found on pp. 320 – 321 (ll. 9546ff.) in Mirzaev, Abduraximov, Mirbadaleva 1999; see also note 165 on p. 812.

㉚ See Hancerlioglu 1984: 246 – 247.

㉛ See Mirzaev, Abduraximov, Mirbadaleva 1999: 812, note 165. On the Twelve Ahmad, twelve saints with the name Ahmad, and Khoja crcinār, a saint venerated in ?ārcinār, near Urgut in Uzbekistan, see ibid.

㉜ On Ahmad Yasawī, see Bombaci 1968: 88 – 89.

㉝ On Sufism and popular Islam, see Schimmel 1990; on the rôle of saint veneration in popular Islam, see also Goldziher 1925: 263.

㉞ On the survival of pre – Islamic beliefs in Central Asian Islam, see in particular Basilov 1970; Mustafina 1992; Snesarev 1969.

ئېنگلىزچىدىن بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى

# قارىماندىن يەر ئالدىم



ئىلاۋە: ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك ـ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرلۈك مەزمۇن ـ كۆرۈنۈشلىرى، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ھالەتلىرى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى روشەن ئىپادە تاپقان. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ ئەمگەك شەكىللىرى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مەن بۇ يىل (2006 ـ يىل)نىڭ كۈز ئايلىرىدا، چىرا ناھىيىسىگە قاراشلىق دامكو يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «دامكو دىيارىدا ئالتۇن كۈز مەشرىپى»نىڭ قۇرۇلمىسىنى پىلانلاش ۋە ئىجادىيىتىنى ئىشلەشكە قاتنىشىۋېتىپ، بۇ يېزىدىكى پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان، ئەمما تېخىچە قېزىلمىغان نۇرغۇن مەنىۋى بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇلارنى مەتبۇئات ئارقىلىق ئاممىغا تاپشۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلغان «قارىماندىن يەر ئالدىم» ناملىق راۋاب قوشىقى مۇشۇ يېزىنىڭ يۇناق كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن تۇرسۇنتوختى ئاخۇن خەلپە ئەسىملىك دېھقان قوشاقچىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا توقۇپ، مەھەللىۋى مەشرەپلەردە راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشى ئارقىلىق خەلق ئارىسىغا تارالغان بولۇپ، ئۇنى شۇ كەنتتە ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان 75 ياشلىق ئەلنەغمىچى ئەيسا ھەسەننىڭ بايانىغا ئاساسەن خاتىرىلىۋېلىپ، ئەسلىسىگە سادىق بولۇش شەرتى ئاستىدا نەشرگە سۇندۇم. تېكستتىن ئورۇن ئالغان قىسمەن سۆز ـ ئىبارىلەرگە مۇۋاپىق ئىزاھات بەردىم.

چىللە كېتىپ، قىش كېتىپ،
بۇ يىل ئەتىياز بولدى.
قارىماندىن ① يەر ئالدىم،
دېھقان بولىمەن ئەمدى.
ھەر كەتمەنلىرىم شۇنداق،
ئوتنى چاپىمەن مۇنداق.
ئوتلارنى چېپىپ بولاپ ②،
ھەر تاماقلىرىم مۇنداق،

ئوتنى تاتلايمەن شۇنداق.
ئوتنى تاتلاپ بولاپ،
يەرنى قىرلايمەن شۇنداق،
يەرنى قىرلاپما بولاپ،
ئاسا ③ سالىمەن شۇنداق.
ئاسنى سېلىپ بولاپ،
ئۆچكۈن بولغاندا بارسام؛
ئاسا كېلىشىپتۇ شۇنداق،

ئېتىزغا نەزەر سالسام.
ئۆيۈمگە بېرىپ ئاندىن،
ئالتە ئېشەكنى ھەيدەپ،
قىغنى توشۇيمەن شۇنداق.
ئېتىز ـ ئېتىزغا دۆۋىلەپ،
قىغنى توشۇپما بولاپ،
قىغنى چاچىمەن شۇنداق.
قىغنى چېچىپما بولاپ،
ئۆيلەرگە بېرىپ ئاندىن،
ھەر ئۆيلىرىمىز ④ شۇنداق،
ھەر مۈگۈزلىرى ⑤ مۇنداق،
توقاي بوغۇسلىرى ⑥ شۇنداق؛
يەرنى ئاخترىپ ⑦ ، تۈزلەپ،
ئۇرۇغ سالىمەن شۇنداق.
ئۇرۇغنى سېلىپ بولاپ،
سۆرەم سالىمەن شۇنداق.
سۆرەمنى سېلىپ بولاپ،
ئۇرۇغ تىكىمەن قىرغا.
ئىشنى تۈگىتىپ ئۆھ دەپ،
ئۆي دەپ چىقىمەن يولغا.
ئون كۈن بولغاندا بارسام،
مايسا ئۈنۈپتۇ شۇنداق.
بىر ئاي بولغاندا بارسام،
قىرنى يېپىپتۇ شۇنداق.
ئىككى ئاي بولغاندا بارسام،
تاختا بولاپتۇ شۇنداق.
ئۈچ ئاي بولغاندا بارسام،
باشمۇ تارتىپتۇ شۇنداق.
تۆت ئاي بولغاندا بارسام،
سېرىقتال بولاپتۇ شۇنداق.
بەش ئاي بولغاندا بارسام،
بۇغداي پىشىپتۇ شۇنداق.
ئۆيۈمگە بېرىپ ئاندىن،
ھەر ئورغاقلىرىم شۇنداق،
بۇغداي ئورىمەن يۆگەپ.
بۇغداينى ئوراپ ⑨ بولاپ،
ئەنجى توشۇيمەن دۆۋىلەپ.
ئەنجنى توشۇپ بولاپ،
ھەر مومىنلىرى ⑩ شۇنداق،
ھەر پۆپۈكلىرى مۇنداق،
ئالتە كالنى ھەيدەپ،
خامان قوشىمەن شۇنداق،
«لاي ـ لاي» ئېيتىمەن مۇنداق.
خاماننى قوشاپ بولاپ،
ھەر ئارىلىرىم شۇنداق،
بىلىي ئايرىيمەن مۇنداق.
بىلىينى ئايرىپ بولاپ،
خامان سورۇيمەن شۇنداق.
خاماننى سوروپ تۇرسام،
كۆكبېشى كەلدى شۇنداق.
كۆكبېشنى باشلاپ تۇرسام،
دوغىلار كەلدى مۇنداق.
دوغىنى باشلاپ تۇرسام،
ئاشرىمۇ كەلدى شۇنداق.
ئاشرىنى باشلاپ تۇرسام،
بېگىممۇ كەلدى مۇنداق.
بېگىمنى باشلاپ تۇرسام،
خېنىممۇ كەلدى شۇنداق.
خېنىمنى باشلاپ بولاپ،
بۇغداي كەملەيمەن شۇنداق.
بېگىمنىڭ ئالغىنى شۇنچە،
ماڭا قالغىنى ئارۇن ⑪ .
قالاپ ⑫ قېپىتىمەن شۇنداق،
يىغلاپ سېپىتىمەن مۇنداق.

---

ئىزاھلار:
قارىمان—جاي نامى.
بولاپ—بولۇپ.
ئاسا—ئۇسا.
ئۆي—ئۆكۈز.
مۈگۈز—مۈڭگۈز.
بوغۇس—بوقۇسا.
ئاخترىپ—ئاغدۇرۇپ.
ئۇرۇغ—ئۇرۇق.
ئوراپ—ئوروپ.
مومىن—موما.
ئارۇن —ئىنتايىن ئاز.
قالاپ —قاراپ.

**توپلىغۇچى: مۇھەممەد توختى ئەھمەد**



# ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار

ھىجرىيە 807 ـ يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 24 ـ كۈنى (مىلادىيە 1404 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)

ئەمىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى بولغان چىن مەملىكىتىنى ئېلىش نىيىتىدە سەمەرقەندتىن چىقتى. دەسلەپ ئاقسۇلاتقا كېلىپ بىر ئايچە مەنزىل قۇردى. جۇمادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ پايانىدا جاھانگىر قوشۇنى يەنە يولغا ئاتلاندى. ئۈچ ھەپتە داۋامىدا ئۇزاق يول بېسىپ ئوترارغا يەتتى. ئەمىر تۆمۈر شەھەر قوتۋالى بەردى بەگنىڭ قورغىنىغا بېرىپ قوندى. سارايمۇلۇك خانىم ئېرى بىلەن بىرگە ئىدى. ئەمىر تۆمۈر ئوترادا بىر ئايدىن كۆپرەك تۇردى. ساھىبقىران قەيەردە بولسا سەلتەنەت تەختى شۇ يەرگە كۆچەتتى. بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ۋە «ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ» دەپ ئويلاپ، پىچىرلاپ ئېيتقان گەپلەرگىچە تېز ئارىدا بىر قۇلاقتا ـ ئەمىر تۆمۈرنىڭ قۇلىقىغا كېلىپ يېتەتتى. ھىراتتىن شاھرۇخ مىرزا، غەزنەدىن پىرمۇھەممەد جاھانگىر مىرزا، تاشكەنتتىن خېلىل سۇلتان مىرزا، ئەزەربەيجاندىن مىرانشاھ مىرزا، يەسسىدىن سۇلتان ھۇسەيىن، سەلتەنەت مەركىزى جەننەت مانەند سەمەرقەندتىن شەھەر قوتۋالى ئەۋەتكەن چاپارلار ۋە خۇپىيەلەر ھەر كۈنى كېلىپ دۆلەتنىڭ ياخشى ـ يامان گەپلىرىدىن ئۇنى ئاگاھ قىلىشاتتى. ھەربىر تەدبىرلەر ئۈچۈن مەسلىھەتلەر سورىشاتتى. بەردى بەگنىڭ ئۆيىدە ھەر ئاخشام كېڭەش بولاتتى. كېڭەشتە سەلتەنەت ئەھۋالى، بولماقچى بولغان يۈرۈشلەرگە تەييارگەرلىك مەسىلىلىرى قايتا ـ قايتا كۆرۈلەتتى. بىراق پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. ھىجرىيە 807 ـ يىلى شەئىبان ئاينىڭ بېشىدا نەۋكەرلىرىگە يېقىنراق بولۇپ، تەييارگەرلىككە نازارەت قىلىش مەقسىتىدە ئەمىر تۆمۈر شەھەردىن چىقىپ قارارگاھىدا ئوتاغ تىكتى. گەرچە قىش ئەۋجىدە بولسىمۇ ئۇ باھارنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان نەۋكەرلىرىگە: «باھارغا ئاز قالدى، تېزدىن قوزغىلىمىز» دېگەن تۈيغۇنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى. ئەمما ئۇ ئوتاغ تىكىپ چىققان كۈندىن ھەپتە ئۆتمەي يەنە قار ياغدى.

بىر كۈن ئالدىدا ياشانغان ساھىبقىراننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، بولۇپمۇ قىران يىگىتلىكىدە كەچكەن جەڭلىرىنىڭ بىرىدە شىكەستىلەنگەن ئايىغى سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. بۇمۇ قاردىن دېرەك بېرەتتى. بۇ قېتىم قار توختىماي ئۈچ كۈن ياغدى. ئالا ـ قۇراق بولۇپ قالغان جەزىرە يەنە قارغا كۆمۈلدى. قار تىنغان كۈندىن باشلاپ سوغۇق كۈچەيدى. قاغىلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ شەھەر تەرەپكە كۆچتى. لەشكەرلەر تۇرغان تۆپىلىكلەر ئۈستىدە بۆرىلەر توپى تەرەپ ـ تەرەپكە باش ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان، يۇڭلىرى سوغۇقنىڭ زەربىسىدىن تىكەنلىشىپ تۇراتتى. بۆرىلەر ئادەملەر، ئاتلار ۋە تۆگىلەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. نەۋكەرلەر ئەمدى ئوتۇنغا، دەريادىن سۇ ئەكىلىشكە، يەككە ـ يەككە ئەمەس، بەلكى كۆپلىشىپ بارىدىغان بولدى. سىر دەريا يۈزىنى مۇز قاپلىدى. ئۇنىڭ ئۆركەش ـ ئۆركەش بولۇپ يۈرگەن دولقۇنلىرى تىزگىنلەندى. ئەمما دىققەت قىلغان كىشىگە مۇز ئاستىدىن سۇنىڭ

شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىناتتى. سوغۇقنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ تېزلىك بىلەن مۇزلىغان دەريا ئاتلىقلارنى
بىمالال كۆتۈرەلەيدىغان بولدى. «مۇنداقتا ئەتە ـ ئۆگۈن مۇز تېشىپ سۇ ئېلىشىمىز مۇشكۈل بولۇپ قالامدۇ تېخى!»
دېيىشىپ ئەنسىرىشەتتى سۇ توشۇشقا بۇيرۇلغان نەۋكەرلەر.

قار تىندى. ئاسمان تىنىق تارتتى. قۇياش قار باسقان تۆپىلىكلەر ئۈزرە جاھانگىر ئىخلاس قويۇپ خوجا ئەھمەد
يەسەۋى مازىرى ئۈستىگە تىكلىنىۋاتقان مەقبەرە «گۈمبەزى مانەند نىلىي» پەلەكتە خۇددى سەرغىمتۇر داغ كەبى ئۇ-
يۇقتىن ـ ئۇيۇقىقا قاراپ سىلجىپ باراتتى. بۇ داغلار يەرگە قىزىقلىق ئەمەس، بەلكى سوغۇق پۇركۈيتتى. چەك ـ چېگرىسى
پايانسىز دەشتى قىپچاق كەڭلىكلىرىنىڭ ھەر بىر غېرىچى مانا شۇ سوغۇقتىن قېتىپ كەتكەنىدى. خىرە سېرىق داغلار
بۇزۇرىپ تۇرغان ئاسماندا ئاچ بۇركۇتلەر چەرخ ئۇرۇپ ئايلىناتتى. ئۇلار گاھى توساتتىن ئوقتەك بولۇپ پەسكە شۇڭ-
غۇيتتى ۋە پەنجىلىرىدە تىپىرلىغان توشقان ياكى ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ياتقان تۈلكىنى چاڭگاللاپ، يەنە شىددەت بىلەن
يۇكسەككە كۆتۈرۈلەتتى. خۇددى مانا شۇنداق توساتتىن چاڭ سالغان خەستىلىك ئەمىر تۆمۈرنى تۆشەككە ياتقۇزدى. ۋەقە
مۇنداق بولدى: قار تىنغان كۈندىن كۆپ ئۆتمەي ئەمىر تۆمۈرگە قالماقلار باش كۆتۈردى، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈ-
زۈشتى. ساھىبقىران بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «سەپەرگە چىقىلسۇن!» دەپ پەرمان بەردى. ئەمما كۆز ئالدىدىكى جەڭدىن كۆرە
پاراغەتنى ئويلىغان ئايرىم ئەمىرلەر قېلىن قار ۋە قاتتىق سوغۇقتا يول يۈرۈش مۇشكۈل، سەپەرنى كېچىكتۈرۈش مەقبۇل
ئىشىدۇر، دېگەن مەسلىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ گەپلەر ساھىبقىرانغا ياقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەتگۈي
ئەمىرلەرگە قارشى ھالدا، قار ۋە سوغۇقنى پىسەنتكە ئالماسلىق روھىنى كۆرسىتىش ۋە لەشكىرىي گۇرۇھنىڭ روھىنى
كۆتۈرۈش مەقسىتىگە قارارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈرس قويۇپ ئولتۇرۇپ ساتىراشقا چېچىنى ئالدۇردى. مانا شۇ ئويلا-
نمايلا قىلىنغان ئىش سەۋەبلىك بولدىمۇ، كەچكە يېقىن ساھىبقىراننىڭ كۆزلىرى ياشلىنىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.
ئىسسىتمىسى كۆتۈرۈلۈپ، بىر نەچچە كۈن داۋامدا ئۇنىڭ گېلىدىن بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئۆتمىدى. بۇ دەرد
ئۇنىڭغا قەيەردىن چاپلاشتى. نىھايەتكى، چىننى ئالالماي، ئانا يۇرتتىن يىراقتا ـ چۆل باياۋاندا يول يوقتىپ، سوغۇقتا
قاتقان گەدادەك ئۆلۈپ كەتسە؟ نەھاتكى، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە جۇغى كىچىكلەپ قالغان خەستە چال ئېغىر ـ ئېغىر،
قىسقا ـ قىسقا نەپەس ئېلىپ، كۆزلىرىنى زورمۇزور ئېچىپ، كىرىپ كەلگەن ھەر بىر ئادەمدىن مەدەت كۈتكەندەك قا-
رايتتى. دەرد ئۇنى ھەممە نەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەكتە ئىدى. ھۆكۈمدارنىڭ قاتتىق
بىتاب بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى سوغۇق خەۋەر ھەممىدىن كۆرە نەبىرلىرى بىلەن ئوترارda بەردى بەگنىڭ قەسى-
رىدە قالغان سارايمۇلۇك خانىمنى بەك ئاڭگىرىپ قويدى. ئاخىر، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا سۆيۈندىغان كىشىسى بولسا يالغۇز
شۇ ئېرى ئىدى. نە ئاتا ـ ئانىسى، نە ئاغا ـ ئىنىسى ۋە نە قوۋم ـ قېرىندىشى بولسۇن، شۇ ئېرىدىن باشقا دەردىنى
ئاڭلايدىغان ھەمدەردى يوق. ئۇ ئىش بېجىرىدىغان شەھەردىن چىقىپ جاھانگىرنىڭ قونالغۇگاھىغا ئاتلاندى. ئۇ ئوتاغ
ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ ھۆكۈمدارنىڭ بىر گۇرۇھ بەگلىرى ۋە بىر نەچچە خاس تېۋىپنىڭ قورشاۋىدا يوتقانغا چۈمكۈلۈپ
ياتقانلىقىنى كۆرگەندە يۈرىكى قېنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى.

كۆزلىرىدىن دىقراپ ياش ئاقتى. ئىچىدە خۇداغا يالۋۇردى: «يارەببىم، ئىنايىتىڭنى ئايىما، مېنى يالغۇز قالدۇرما،
ئۇنىڭ جېنىنى ئالار بولساڭ ئاۋۋال مېنىڭ جېنىمنى ئال!...» ئۇ ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا كېلىپ چۆرگىلەپ باقتى. ئۇنىڭ
رەڭگى ئۆڭگەن يۈزىگە تىكىلدى. تىكىلگەنسېرى ئېرىنىڭ كۆزلىرى شەۋكەتسىز ۋە تۇيغۇسىز، ئۇ بۇ ئاجايىپ قىسمەت-
لەرنى كۆرۈپ قايغۇردى. قايغۇغا پاتقان مەلىكە ساھىبقىراننىڭ يۈزىدە سوغۇق ئەجەلنىڭ ئالامەتلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا
ھېس قىلدى ۋە كۆردى. «ئىچىمگە ئوت يېقىپ قويۇشقاندەك...» دېدى ئاغرىق سارايمۇلۇك خانىم بىلەن يالغۇز قال-
غاندا، ئەزايى ـ بەدىنىمنى ياندۇرۇۋەتتى، بۇ ئوت...!» سارايمۇلۇك خانىم ئۇنىڭ پېشانىسىگە قول ـ بارماقلىرىنى باسقان
ئىدى. ماڭلىيى مۇزدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئېرىنىڭ ھېلىقى سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ قالدى. تۆت ـ بەش كۈن
ئۆتتۈپ ئەمىر تۆمۈر: «خام شورپا قىلىپ بېرىڭلار» ـ دەپ بۇيرۇدى. ساھىبقىران بالا چاغلىرىدا ئانىسى پىشۇرۇپ
بېرىدىغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان غىزاسىنى ئەسلىگەنىدى. ئۇ قاچان شامالداپ قالسا خام شورپا قىلىپ بېرەتتى. ئاتىسى
ئەمىر تەراغاي بىلەن تويۇپ ـ تويۇپ ئىچىشەتتى. ئاتىسىنىڭ پېشانىسىنى تەر بېسىپ ئۇنىڭ يالت ـ يۇلت قىلىپ تاۋلا-
نغانلىقىنى كۆرۈپ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا مېھىر جۇش ئۇرۇپ كېتەتتى. بىراق ئاتىسىغا بىلىندۇرمەيتتى. ئۇ ئاتىسىنى بەكمۇ
ياخشى كۆرەتتى. بەش ـ ئالتە ياش ۋاقىتلىرىدا ئاتىسى تاكى ئۆيگە قايتمىغۇچە كۆزلىرىنى يۇممايتتى. ئاتىسىنىڭ ئۆيگە
كىرگەنلىكىنى كۆرەتتى ـ دە، ئاشۇ زامان ئۇخلاپ قالاتتى. ئاتىسى ئۇنى بىرەر مەرتە چېكىپ باقمىغان بولسىمۇ ۋە

2007.2

قانچىلىك ياخشى كۆرمىسۇن بەرىبىر ئاتىسىدىن نېمە ئۈچۈندۇر ھېيىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ خىل ھېيىقىشىدىمۇ
بالىلىق مېھرىنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقى مانا ئەمدى شۇ ياشقا بېرىپ خەستە بولغاندىمۇ نامايان بولۇۋاتىدۇ. خام شورپىنى
قىزىق پېتى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھۆكۈمدار خورۇلدىتىپ ئىچكەنىدى. قورسىقىغا يېغىلغان ئىسسىقلىق ئاستا ـ
ئاستا ئاياغلىرىغا، قول ـ بىلەكلىرىگە، سوۋۇپ قالغان پاچاق، بارماقلىرىغا قەدەر تارىلىپ، تومۇرلىرىدىكى ئۇيۇلغان
قانلارمۇ بىر ئاز تۇراقلاشقاندەك بولاتتى. سەمەرقەندنىڭ نانلىرى پارچىلىنىپ سېلىنغان شورپىنى ھەر بىر شورىغاندا ئۇ
راھەتلىنىپ «ئۇھ ـ ئۇھ» دەپ قوياتتى. ئۇ شورپىدىن كېيىن ئەتە تۇرۇپ كەتسەم ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئويدا ئۈ-
مىدلىنىپ ياتتى. ئەمما يېرىم كېچىگە بېرىپ يەنە ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ بەدىنى قىزىشقا باشلىدى. ئون كۈنلەرچە ۋاقىت
ئۆتتۈپ ھۆكۈمدارنى قىزىتىپ ئوت قىلغان، ئازابلىغان دەردنىڭ ئۈستىگە يەنە باشقا بىر دەرد قوشۇلدى. بىراق، ھۆكۈمدار
ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاۋۋال بىلەلمىدى. بىلگەن بولسا كۆن بويى باشقىلار بىلەن گەپلەشمەي ئويغا پاتاتتى. بۇ قو-
شۇلغان دەرد: «مۇبادا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بولۇپ قالسا، مەندىن كېيىن سەلتەنەتنىڭ تەختىنى كىم ئىگىلىشى مۇمكىن؟»
دېگەن سوراقنىڭ ئاغرىقى ئىدى. ئۇ بۇ سوراققا پەقەت ھازىر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ ئويلانغانىدى. ئەمما
ئاۋۋال ئويلىغنى پىلان بولسا، ئۇ قارار قوبۇل قىلىشى شەرت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىچە بىر قارارغا كېلىپ كۆڭلىگە تۈگۈپ
قويدى. ئەمىر تۆمۈر قەتئىي قارارغا كېلىپ بولغان كۈندىن ھايال ئۆتمەي، بىر كېچە غەلىتە ۋەقە يۈز بەردى. ساھىبقى-
راننىڭ تۆشكىنىڭ يېنىدا كۆرپىچەك تاشلاپ، يانپاشلاپ ياتقان ۋە بىر نەچچە كۈنلۈك ئۇيقۇسىزلىقتىن چارچىغان سا-
رايمۇلۇك خانىم كۆزىنىڭ يۇمۇلغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئالاھازەل بىرنېمىنى سەزگەندەك سەسكىنىپ ئويغىنىپ كەتكەن
مەلىكە ساھىبقىراننىڭ تۆشكىگە كۆز تاشلاپ دەرھال قورقۇپ كەتتى. تۆشەك قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ جىددىيلىشىپ تاش-
قىرىغا ئېتىلدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان پاسىبان مەلىكىنى كۆرۈپ، ئاڭقىرىپ قالدى. «ساھىبقىران قېنى؟» ـ دېدى مە-
لىكە تېز ـ تېز تىترەپ. پاسىبان نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەن قارارگاھنى ئوراپ تۇرغان تۆپىلىك تەرەپنى كۆرسەتتى. سا-
رايمۇلۇك خانىم سەپسېلىپ قاراپ ئاشۇ تەرەپكە كەتتى. ئۇ قارارگاھنىڭ چېتىگە يېتىپ بېرىپ، يىراقتا باشقىلارغا قارىغاندا
بىر ئاز يۇكسەك تۆپە ئۈستىدە تۇرغان ئادەمنىڭ قارىسىغا كۆزى چۈشتى. مەلىكىنىڭ ئۆگەنگەن كۆزى ئۇ قارىنىڭ
جەزمەن ساھىبقىراننىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلدۇردى.

سارايمۇلۇك خانىم تۆپىگە ھاسراپ ئۆرلەپ يېتىپ بارغاندا بۇ ۋەقەنى قانداق ئىزاھلاشنى بىلەلمەي قالدى. ئەمىر
تۆمۈر تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرغانچە مەغرىب تەرەپكە تىكىلىپتۇ. زۇلمەت قۇچقان پەلەكتە يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان. ئاي
بولسا ساھىبقىران تىكىلگەن تەرەپ ئۇپۇققا ئېقىپ قالغانىدى.

ـــ ھەزرىتىم، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىڭىز؟ شۇنداق زەئىپ ئەھۋالدا سوغۇققا چىقىشىڭىزنىڭ بائىسى نېمدۇر؟ ـ
دېدى مەلىكە ھاياجىنىنى باسالماي.

ـــ قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ بىبى؟ـــ دەپ سوراققا سوراق بىلەن جاۋاب بەردى ئەمىر تۆمۈر.

ـــ قورقماي بولارمۇ، ھەزرىتىم؟ـــ دېدى مەلىكە.

ـــ مېنى شۇ بىردەم يوقىتىپ قويۇپ قورقسىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولار؟ـــ دېدى ئەمىر تۆمۈر.

ـــ ئۇنىڭدىن كېيىن دېگىنىڭىز نېمىسى، ھەزرىتىم، مېنى ئۇنداق قورقۇتماڭ....

ـــ قورقماڭ، بىبى، قورقماڭ...ـــ تۇران سۇلتانى شۇنداق دەپ جىمىپ قالدى. كېيىن غەلىتە ئاۋازدا شىۋىرلىدى:ـــ
مەن تۇغۇلغان، سىزنى تاپقان يېرىم ئاشۇ تامانلاردا...ـــ ئۇ مەغرىب تەرەپنى كۆرسەتتى.

ـــ ھەزرىتىم، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىڭىز؟ بولدى، بولدى، كەتتۇق...ـــ دېدى مەلىكە ئېرىگە تەلەپ ئاھاڭىدا
گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۆزىنى غەلىتە سېزىپ.

ئەمىر تۆمۈر ئۈندىمىدى. كېيىن «ماقۇل» دېگەندەك بېشىنى مىدىرلاتتى ـ دە، مادارسىز ھالدا زورىقىپ قەدەم
تاشلاپ تۆپىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئوتاغقا قايتىپ كېلىشكەنلىرىدە يورۇق چۈشۈپ، مەلىكە ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى
كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. سوغۇقتىن قايتىپ كىرگەن ساھىبقىراننىڭ يۈزىدە دانە ـ دانە تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

ـــ نېمە ئۈچۈن...، نېمە ئۈچۈن بۇ ئەھۋالدا سوغۇققا چىقتىڭىز، ھەزرىتىم؟

ـــ چۈش كۆردۈم بىبى، غەلىتە چۈش.

ـــ سىزنى تۆشەكتىن تۇرغۇزغان قاندا چۈش ئىكەن؟

ـــ ئىككى چېتىنى قۇمۇش باسقان بىر يولدىن ئات چاپتۇرۇپ بارارمىشمەن...ـــ ئەمىر تۆمۈر شۇ سۆزنى ئېيتتى ـ
دە، كۆزىنى يۇمدى. كېيىن شۇ ئەلپازدا، گويا گەپ قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك، سۆزىنى داۋام ئەتتى:ـــ
ناگاھ ئېتىم يول چېتىدىكى قۇمۇشلارنىڭ شىلدىرلاپ كېتىشلىرىدىن قورقۇپ ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە، كىشنەپ

كەتتى. جىددىيلىشىپ ئاشۇ شىلدىرلىغان قۇمۇشلار تەرىپىگە قارىسام قۇمۇشلۇق ئىچىدىن رەھمەتلىك ئاتام ئات بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقانمىش... ئاڭلىدىڭىزمۇ بىبىم، رەھمەتلىك پەدەرى بۇزرۇكۋارىم، ھەيرەتكە چۈشكىنىمدىن ئېتىمنىڭ جىلاۋىنى ئۆزۈمگە مەھكەم تارتتىم ـ دە، ئىرغىپ ئاتتىن چۈشتۈم. كېيىن ئاتامنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئەمدى يېتەي دېگەنىدىم، ئاتام خۇددى مېنى كۆرمىگەندەك يېنىمدىن ئات قويۇپ ئۆتتى ـ دە، ئىگەردىن چۈشمەي، ئېتىمنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى بوشىتىپ ئالدى. كېيىن يەنە ئالدىمدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ، قۇمۇشلۇققا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.... مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راسا قوغلاپ چاپتىم، يۈگۈرۈۋېرىپ بەدەنلىرىم قىزىپ كەتتى. غەرق تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. يۈز ـ كۆزلىرىمنى، قوللىرىمنى قۇمۇشلار تىلىپ ئېچىشىشقا باشلىدى، مانا ئويغانسام بەدىنىم ئوت بولۇپ، تەرلىرىمدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن تۆشەك ئۈستىدە يېتىپتۇرمەن. ئورنۇمدىن قانداق تۇردۇم، تاشقىرىغا قانداق چىقتىم، بىلمەيمەن....

— پەدەرى بۇزرۇكۋارىڭىزنى چۈش كۆرگەن بولسىڭىز نېمە بولۇپتۇ؟— دېدى ئېرىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان سارايمۇلۇك خانىم گەپنى چالغىتىپ.

— بۇ خاسىيەتسىز چۈش، بىبى، پەدەرى بۇزرۇكۋارىم، ئېتىمنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كەتتىلەر، ئاڭلىدىڭىزمۇ، نېمە ئىشارەت بار؟— سارايمۇلۇك خانىم ئۈندىمىدى.

— پەيمانەمنىڭ تولغانلىقىغا ئىشارەت بۇ! ـ دەپ ئۆز سۆزىگە ئۆزى جاۋاب بەردى ئەمىر تۆمۈر.

جاھاننىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىلكىگە ئېلىپ، يېرىمىنى ۋەھىمىگە سالغان جاھانگىر قايتىپ ئورنىدىن تۇرالماسلىقىنى پەملەپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئەڭ سادىق ئەمىرلىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىردى ۋە گەپنى سوزۇپ ئولتۇرماي ئۆزىدىن كېيىن پىرمۇھەممەد جاھانگىرنىڭ سەلتەنەت ئىگىسى بولۇشى ھەققىدىكى ئاخىرقى ئەمرىنى ئېلان قىلدى. ئەمىرلىرىگە قانچىلىك ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن، بۇ ئاخىرقى ھۆكۈمىنى بېجىرىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئۇلارغا قەسەم ئىچكۈردى. ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان 1405 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆلۈمىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىلمەي ياتقان ساھىبقىران بىردەم كۆزىنى ئېچىپ ئوتاغنىڭ تورۇسىدىكى تۆگۈلۈكتىن قاپقارا كەتكەن پەلەككە تىكىلىپ قارىدى: «بۇ نېمە كارامەتدۇر؟» دەپ پىچىرلىدى ـ دە، جېنى ئۈزۈلدى. جاھانگىرنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆز قاپىقىنى ئاستا باسقان تېۋىپ مەۋلانا فەزلۇللاھ تەبرىزى قورقۇپ كەتتى. (ساھىبقىراننىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياش ئادەمنىڭ قولنى كۆيدۈرىدىغاندەك ئىسسىق ئىدى.

ئېرىنىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقان پۈتىنى تۇتۇۋالغان سارايمۇلۇك خانىم سىقىلىپ ـ سىقىلىپ يالۋۇرۇپ يىغلىدى. بۇ چاغدا مومىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئاۋۇندۇرۇشنى بىلمەي ئېسەنكىرەپ قالغان سۆيۈملۈك نەۋرىسى مۇھەممەد تەراغاينى (ئۇلۇغبېك مىرزىنى) سارايمۇلۇك خانىم تېخى كۆرمىدى ۋە سەزمىدى. سارايمۇلۇك خانىم ۋە ئەمىرلەر پاجىئەنى قانچىلىك يۇشۇرۇشمىسۇن، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى شۇم خەۋەر ناھايىتى تېزلا يېيىلىپ كەتتى. چۈنكى، ئاتا ۋە بوۋىلىرىنىڭ ئۇدۇمىنى قاتتىق تۇتقان ئوغۇل نەۋرىلەرنىڭ كۆچمە سارايدا ئۆز خۇپىيەلىرى بار ئىدى. قارىغاندا ئايرىم ئەمىرلەر دۇنيادىن كۆزى يۇمۇلۇشى بىلەن قورقۇنچلۇق بولماي قالغان ساھىبقىراننىڭ ۋەسىيەتلىرىگە خىلاپ رەۋىشتە سەلتەنەت تەختىدە ئۆزلىرىگە مايىل شاھزادىنى قويۇشنى پىلانلاشقاندەك قىلاتتى.

بىرىنچى بولۇپ ھىراتتا شاھرۇخ مىرزا ئۆز نامىنى خۇتبىگە ئېلان قىلدۇردى ۋە ئۆز نامىدىن پۇل باستۇرۇشقا باشلىدى. يەسسىدىن ھۈسەيىن مىرزا، تاشكەنتتىن خېلىل سۇلتان مىرزا ئۆزلىرىگە سادىق نەۋكەرلەر بىلەن دارۇسسەلتەنەتكە قاراپ ئات چاپتۇردى.

ئەمىر خوجا يۈسۈپ باشچىلىقىدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يولغا چىققان مەخپىي كارۋان ئوترارنى تاشلاپ، مىڭ تەھلىكە ۋە غەۋغا بىلەن سەمەرقەند ئاستانىسىگە يېتىپ كەلدى. يېتىپ كېلىشىغۇ كەلدى، لېكىن پايتەختنىڭ تۆت يول ئېغىزى دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. سەمەرقەند قەلئەسىنىڭ قوتۋالى ئەمىر ئارغۇنشاھ: «شەھەرگە پەقەت ساھىبقىراننىڭ تاۋۇتىنىلا كىرگۈزىمەن» دەپ قەتئىي تۇرۇۋالدى. تاشقىرىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ ئالىلقاچان مىرانشاھنىڭ ئوغلى خېلىل سۇلتان مىرزا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ دارۇسسەلتەنەتنى يالغۇز ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

ئاخىر ئەمىر خوجا يۈسۈپ قوتۋالنىڭ تەلپىگە كۆندى ۋە ئەمىر تۆمۈرنىڭ جەسىتىنى شەئبان ئېيىنىڭ 22 سى (23 ـ فېۋرال كۈنى) مەرھۇم شاھزادە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ دەھمەسىگە دەپنە قىلدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ئوترارىدىكى ھەممە قوشۇن چوڭ بىر كۆچمە بولۇپ (مەلىكىلەر ۋە شاھزادىلەر كارۋىنىمۇ بار)، سەمەرقەندكە يېتىپ كەلدى. ئارغۇنشاھ بۇ قوشۇننى كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى، پەقەت مەلىكىلەر ۋە نارەسىدە شاھزادىلەر— مۇھەممەد سۇلتان

2007 . 2

مىرزىنىڭ ئوغلى—سەئىد ۋەققاسنى، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ بالىسى بايقارانى، خەلىل سۇلتاننىڭ ئىنىلىرى—ئىجىل بىلەن سويۇرغاتمىشنى شەھەرگە كىرگۈزۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شاھرۇخ مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرى—ئىبراھىم سۇلتان مىرزا بىلەن ئۇلۇغبېك مىرزىنى كىرگۈزۈشكە ئۈنىمىدى. بۇ ئىككى ئەمىرزادىلەر بولسا سۆيۈملۈك مومىلىرى ۋە مۇرەببەلىرى سارايمۇلۇك خانىم بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خەيرلەشتى ۋە ئۇلار بۇخارا تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شەھەرگە كىرگەن مەلىكىلەر ۋە شاھزادىلەر ئۇدۇل ساھىبقىراننىڭ جەسىتى قويۇلغان دەھمە ئۈستىگە بېرىپ ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىشتى. ياشقا چوڭ بولغان سارايمۇلۇك خانىم باشقىلار قاتارىدا ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى يېيىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ يىغلاپ، تۇپراق ئېلىپ باشلىرىدىن چاچاتتى. يىغا - زارىلەر ساداسى ئالەمنى تۇتقاندەك ھەسرەتلىك مەنزىرە كەلتۈرەتتى. بۇ ئاچچىق ئايرىلىشتىن توپتوغرا 13 كۈن ئۆتتى. ھىجرىيە 807 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 16 - كۈنى (مىلادىيە 1405 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) سەمەرقەند تەختىگە مىرانشاھنىڭ ئوغلى - خەلىل سۇلتان ئولتۇردى. خەلىل سۇلتانمۇ كۆپچىلىك ئەمىرزادىلەر قاتارى سارايمۇلۇك خانىمنىڭ تەربىيىسىنى ئالغانىدى. ھەتتا بىر قېتىم ئەدەپسىزلىكى تۈپەيلىدىن بوۋىسىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغاندا، مانا مۇشۇ ئۇلۇغ مومىسى ئۇنىڭ جېنىغا ئارا تۇرغانىدى. نۆۋەتتى كەلگەندە شۇنداق بىر ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتەيلى: ھىندىستان بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭ دەۋرىدە (مىلادى 1398 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) ئاجايىپ بىر ئۇرۇش بولدى. جەڭ باشلىنىشى بىلەن سەمەرقەند قوشۇنى ئارىسىدا تەھلىكە باشلاندى. چۈنكى ئۇلار ئۆمۈرلىرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرغان جەڭچى پىللار توپىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇشۇپ كەتكەنىدى. پىللارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا قالغان بايراقچى ئەسكەرلەرنىڭ كۆتۈرگەن پەريادلىرىنى ئاڭلىغان ئارقىدىكىلەر قېچىشقا باشلىدى. ھەتتا كۆپىنى كۆرگەن سەركەردىلەرنىڭمۇ نېمە قىلارىنى بىلىشمەي قالغانلىقلىرىنى كۆرگەن ئەمىر تۆمۈرنىمۇ ۋەھىمە باستى. ئەمما بىردىنلا جەڭچى ھىندى پىللىرىنىڭ ئارقىغا قېچىۋاتقانلىقىنى، قاچقاندىمۇ سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ ئەسكەرلىرىنى تېپىپ - دەسسەپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ، ئىرغىپ تۇرۇپ ئېتىغا مىندى. دۈشمەنلەر ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ، ئۇرۇشنىڭ توختىغانلىقى مەلۇم بولدىكى، بۇ تاسادىپىي پاجىئەدىن ئۇلارنى ئەنە شۇ خەلىل سۇلتان ساقلاپ قالغان ئىكەن. ئەقىللىق، تەدبىرلىك بالا ئەسلىدە قوشۇننىڭ ئاش -ئوزۇقلىرى ۋە باشقا زاپاسلىرى يۈكلەنگەن بارلىق تۆگە - قېچىرلارنى بىر جايغا توپلاپ، ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە ئوت - خەشەكلەرنى باغلىتىپ تۆپىدىن ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئالدىغا ھەيدەتتى. ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە قالغان جانىۋارلار جان ۋەھىمىسىدە جەڭچى پىللارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. كېلىۋاتقان ئوتلارنى كۆرۈپ دەھشەتكە چۈشكەن پىللار كەينىگە قېچىشتى. ئەنە شۇ ئىش تۈپەيلىدىن جاھانگىرنىڭ خەلىل سۇلتانغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ئېشىپ ئۇنى تەخت ۋارىسى قىلىشنىمۇ ئويلىغان. بىراق، كېيىنچە يەنە بىر ۋەقە سادىر بولۇپ قالدۇ. بۇنىڭ بىلەن جاھانگىرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى قەھرى - غەزەپكە ئايلىندۇ. خەلىل سۇلتان بوۋىسىنىڭ جىيەنى ئەمىرزادە ئەلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭغا قارىماي ياش شاھزادە ساھىبقىراننىڭ ئەمىرلىرىدىن بولغان خوجا سەيپىددىننىڭ چۆرىسى شادى مۇلۈكنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى خوجىسىدىن تارتىۋېلىپ، بوۋىسىدىن يوشۇرۇن نىكاھ ئوقۇتقان. خەلىل سۇلتاندەك ئەمىرزادىنىڭ چۆرە قىزغا ئۆيلىنىشى ئەمىر تۆمۈرنىڭ قەھرىنى ئۆرلىتىۋەتتى. ئۇ شاھزادىنى تۇتۇپ قاماققا ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئەمما بوۋىسىنىڭ ئەمرىدىن ۋاقىپ بولغان خەلىل سۇلتان سارايمۇلۇك خانىمغا ئادەم بۇيرۇپ، ئۆزىنى بوۋىسىنىڭ قەھرىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. سارايمۇلۇك خانىم قۇلايلىق پۇرسەت ئىزدەپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىگە قول سېلىپ كۆردى ھەمدە ئەمىرشاھ مەلىك ۋە شەيخ نۇرىددىننىڭ ياردىمىدە ئەركە شاھزادىنى جازادىن قۇتقۇزۇپ قالدى. بىراق، ئەمىر تۆمۈر خەلىل سۇلتاننى تەخت ۋارىسى قىلىشتىن ۋاز كەچتى.

دۆلەتشاھ سەمەرقەند «تەزكىرە تۇششۇئەرا» دېگەن ئەسىرىدە «خۇش سۈرەت، ياخشى خۇلۇقلۇق، كەرەملىك، خۇشتەبىئەتلىك ئىدى» دەپ تەرىپلىگەن خەلىل سۇلتان سەمەرقەند تەختىگە ئولتۇرۇپ، سەلتەنەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قولىدا مەھكەم تۇتالمىدى. قاتمۇقات خاتالارغا يول قويدى. ھەتتا ئويلىماي، تەكشۈرمەي، مەشۇقىنىڭ سۆزىگە كىرىپ بوۋىسىنىڭ چوڭ خاتۇنلىرى ۋە مۇرەببەسى بولغان سارايمۇلۇك خانىم بىلەن تۇمەن ئاغىنى مەجبۇرەن ئەرگە بېرىپ يولغا سالدى. بىتايىن ۋە شائىر تەبىئەت خەلىل سۇلتان تەرىپىدىن ئەرگە ئۇزىتىلغان ۋاقتىدا بىچارە سارايمۇلۇك خانىم ئاللىقاچان 65 ياشتىن ھالقىغانىدى. فەسىھ ئەھمەد خەۋافىي، مەلىكە تۇمەن ئاغانىڭ خەلىل سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەيخ نۇرۇددىنغا ئەرگە بېرىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىدۇ. لېكىن سارايمۇلۇك خانىمنىڭ كىمگە ئۇزىتىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى بىز ئۈچۈن قاراڭغۇ بولۇپ تۇرماقتا.

خۇشىد دەۋراننىڭ ئۆزبېكچە - «ساھىبقىران نەبىرىسى» كىتابى ئاساسىدا تەييارلاندى.

تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (خوتەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

# كۈلكە داۋانلىرى



ماخمۇت مۇھەممەت

*10 ـ باب. تويدا*

ئىلدا ئابلاخان كىپەكنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا، ئۇنى تونۇغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ۋە ھېسام ئوتتۇرىسىدىكى قىزىق پاراڭلار ھازىرمۇ سورۇنلارنىڭ قىزىقى.

ھېسام ئابلاخان ئاكا بىلەن ئابلاخاننىڭ چاقچىقى بويىـــچە ئېيتقاندا، «ھېسام بالا ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن چاغلىردىلا» تونۇشقانىدى. ئابلاخان بىلەن قۇربان تېرىچى بىر مەھەللىلىك بۇرادەرلەردىن بولۇپ، ھېسام گەمدىن قايتىــپ كــىرىپ، قاڭغىرىپ يۈرگەن يىللاردا ئابلاخان ئاكا ۋە ئۇنىڭ مېھماندوست ئايالى ھېسامغا كۆپ غەمخورلۇق قىلغان.

ــ ھېسام، تاجىخان ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپتىكەن، ساڭا ئالايىتەن ئېلىپ قويدى، كىرىپ يەۋال، ـ دەيتتى ئابلاخان ئاكا. ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېسام زادىلا قىسىلمايتتى. تاجىخان ھەدە ئۇنى ھەسەلخاننىڭ كۆزىدە كۆرەتتى. «ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن، دېگەن باشقا گەپكەن،ـ دەپ ئويلايتتى گاھىدا ھېسام تەسىرلىنىپ، ــ بولمىسا مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈندە كىمنىڭ كىم بىلەن كارى؟».

ئابلاخان بىلەن ھېسام كېيىنچە ئىلى تىياتىرىدا بىللە ئىشلىدى. ھېسام قىزىقچى بولغاچقا، ئۇ ـ بۇ بىلەن توختىماي ئېيتىشاتتى. ئابلاخان ئاكىغا ئەركىلىگەندەك شەيتانلىقلارنى قىلاتتى. ئاق كۆكۈل ئابلاخان ئاكا ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا گاھ تېرىكىپ، گاھ كۈلەتتى.

ــ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن،ــ دەيتتى ئابلاخان ئاكاــ بۇ ھېسام دېگەن خاۋارىش كىيىپ چىققاندە قۇربان تېرىچىنى! شۇ مەرھۇممۇ يىگىت چېغىدا يولدا ئۇچرىغانغا تاش ئېتىپ ماڭىدىغان.

ــ قاشمۇ ئاتاتتىمۇ ئابلاخىنىكا؟ ــ ھېسام دادىسى توغرۇلۇق (قىزىقچىلىق قىلىپ) سوراپ قوياتتى.

ــ ئۇنى ساڭا دەپ بېرەمتىم!ــ دەيتتى ئابلاخان سەل تىرىككەندەك ــ ماڭا قارا ھېسام، گاھىبىر يەرلىرىڭ داداڭنىڭ پوقىنى دورىيالمايدۇ جۇمۇ، قوناخۇن دېگەن شەھەر ئىچىدە بىر ئادەم ئىدى ئۇ!

ھېسام ئابلاخان ئاكىنى تېرىكتۈرۈپ قويۇپ، يەنە بىردەمدىلا كۆڭلىنى ئېلىۋالاتتى.

ــ ئابلاخىنىكا، ماۋۇ ساتارۋاينىڭ ئاشپۇزۇلىدا كاۋا مانتا چىقىرىپتۇ. ئاجايىپ ئوخشاپتۇ دەيدۇ، غاچچىدە چىقىپ كىرىمىزمۇ؟

رەھمەتلىك ئابلاخان قورساققا ئامراق ئىدى. ۋاقتىمۇ چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى. كاۋا مانتىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، قورسىقى غولدۇرلىغاندەك بولدى.

ئابلاخان ساتارنى يىغىشتۇرۇپ، بىر يەرگە جايلــــدى ـ دە،



ئورنىدىن تۇرماققا تەرەددۇتلاندى.

— راسا دېھقان كاۋىسىدا ئەتكەن بولسا، ھە، ھېسام، شورپىلىرىنى ئىچىپ... جۆرە بالام!

— قويرۇق مايىنى كەگرى قوشسا، — ياندا ئولتۇرغان زوردۇن شۇەنىڭمۇ ئىشتىھاسى قوزغالدى، — مەنمۇ ئىچقايا.

ئۇچەيلەن ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر لىگەن مانتىنى ئوخشىتىپ تەييارلانغان سىركە ـ لازىسى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ سوقتى. كەينىدىن ئىچىلگەن سىنچايمۇ ئاجايىپ ھۇزۇر ئىدى.

ساتارۋاي تائامغا پۇل ئالغىلى ئۈنىمىدى.

— باش بۇرۇنى، كاۋا مانتىنىڭ باش بۇرۇنى، ئەمدى كىرسەڭلار پۇل ئالاي ھۆرمەتلىكلىرىم!

— پاھ، ئامتىڭ باردە ھېسام، — دېدى زوردۇن ئاكا تائام ھۇزۇرىدىن (قىزىقچىلىق قىلىپ) ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە سىرتقا چىققاندا، — بىزنىڭ سايىمىزدە بىكارغا مەززە قىلىۋالدىڭ.

— راست، سىنىڭ سايەڭغۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىغىچە چۈشىدۇ زوردۇنكا، — ھېسام ئەتەي زوردۇن شۇەنىڭ لەقىمىگە تېگىشتى.

ـ مۇشۇ ھېسامنى پۇل تۆلەيدۇ دېۋىدىڭلىمۇ زوردۇن، — ئابلاخان ئاكا كۈلگىنىچە بېشىنى ئىرغىتتى، — تايىنلىق ساتارۋاي پۇل ئالمەن دەپ قويغان بولسا يە سىلە، يە مەن توتۇلاتتىم.

— ئەڭ بولمىغاندا يانچۇقۇڭنى كولاپ، كەينىڭگە شوخشۇپمۇ قويمىدىڭا ھېسام؟ — زوردۇن ئاكا يەنە ھېسام بىلەن ئېيتىشتى.

— كەينىمگىغۇ شوخشۇيتتۇم زوردۇنكا، شوخشۇۋېرىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتمەي دېدىم، — ھېساممۇ بوش كەلمىدى.

— يەنە دەرياما ھېسام، باشقا گېپىڭ يوقمۇ؟ مانتىنىغۇ بىكارغا يە، بوپتۇ، — ئەمدى ئابلاخان ھېسام بىلەن چېقىشتى. قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋالغاچقا ئۇچەيلەن ئۆيلىرىگە قايتماي، تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا، يول چېتىدە ئولتۇرۇشقاندى.

— قىزىقكەنسەن ئابلاخىنكا، كاۋا مانتىنىڭ خەۋىرىنى مەن يەتكۈزمىگەن بولسام، بىكارلىق مانتىنى سەنمۇ يېيەلمەيتتىڭ.

— سەن بالا شۇمغۇ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيسەن، — ئابلاخان بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «تۆت كونا» ئەدەپلىنىپ، «سېرىق ناخشىلار» چەكلىنىپ، ئادەملەر بۇرۇقتۇرمىچىلىققا چۆككەندە تالاي غۇلجىلىقلار يەنىلا خالىي سورۇنلاردا خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، قىزىق چاقچاقلاردىن خۇپىيانە ھۇزۇرلىنىپ يۈرۈۋەردى. ئابلاخان بىلەن ھېسام شۇنداق سورۇنلاردا دائىم بىللە بولاتتى.

بىر قېتىم ھېسام ئابلاخان ئاكىنى قانۇن ئورنىدا ئىشلەيدىغان بىر يىگىتنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت توي ئولتۇرۇشىغا باشلاپ باردى. ئابلاخان ساتارنى تۇتۇپ مېھمانلىق ساراي ئۆيگە كىرىپلا مەڭدەپ كەتتى. ئۆينىڭ تۆت تېمىنى بويلاپ ساپلا فورما كىيگەن كىشىلەر ئولتۇراتتى. ئولتۇرۇش يېرىمىغا كەلگەن، مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىكى خۇما ـ گۈدۈڭ بولۇشۇپ بولغانىدى.

— ھاي ھېسام، بۇ نېمە ئالامەت؟ — ئابلاخان ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ھېسامنىڭ بېقىنىغا تۈرتۈدى، — مەشەدە چالمىزما؟

— چاتاق يوق، چالۋەر ئابلاخىنكا، ساقچى بالا ياخشى رازى قىلىدىغان بولدى.

— ناخشا دېگەننىغۇ ئېيتىۋېرىمىز، لېكىن، ئۇششاق باللىرىمىز بار ـ ھە، ھېسام، — ئابلاخان پىچىرلىدى. سەل ئۆتمەي يادىغا كەلدى، — ھە ـ راست، سىنىڭ يوقە!

يىگى مېھمانلار ئاز ـ تولا تاماق يەپ، بىرەر ـ ئىككىدىن قېقۋالغاندىن كېيىن سورۇندا تەلەپلەر ئاڭلاندى. ئاڭغىچە ئابلاخان ئاكمۇ يۈرىكىنى سەل توختىتىۋالغانىدى. ئۇ ساتارنى ئېلىپ تەڭشىگىچە ھېسام مېھمانلارنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇردى.

— چالىمىزمۇ ھېسام، — تەييار بولغان ئابلاخان ھېسامغا قاردى.

— چالىمىز، — دېدى ھېسام ساقى بايىلا ئۇزاتقان رومكىنى ئابلاخانغا ئۇزىتىپ.

— ئېيتىمىزمۇ ھېسام؟ — دېدى ئابلاخان بوشىغان رومكىنى ئۇزىتىپ.

— ئېيتىمىز، — دېدى ھېسام ئابلاخانغا.

سەلدىن كېيىن ئابلاخان ساتارنى يېقىملىق بىر ئاھاڭغا سادىرىتىپ، مۇقام پەدىسىدىكى يىگى ناخشىنى باشلىدى:

پارتىيە شانىم بولۇر، ھەم قەدىردانىم بولۇر...

ناخشا ئېيتىلىپ بولمايلا «بارىكاللا»، «ئالامەت» دېگەن خىتاپلار ئاڭلاندى. ئابلاخان بىر نەچچە ناخشىنى ئۇلاپ ئورۇندىدى.

— كونىلىرىدىنمۇ كەلسۇن ئابلاخىنكا، كونىلىرىدىنمۇ، — تۆردە ئولتۇرغان سالاپەتلىك بىر مېھمان ئىككى يېقىغا تەۋرەنگەنچە پاراڭ قىلدى. ئابلاخان ئاكا ھېسامغا قارىدى.

— ھېسام، مەيلىمۇ؟

— مەيلىدە ئابلاخىنكا، — دېدى ھېسام، — كاتتىۋاش

دەۋاتسا!

ئابلاخان ساتارىنى بۆلەكتىن تەگشەپ، تەلەپنى بەجا كەلتۈر-دى.

ساتارىم تارىغا جان رىشتىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئۈنىڭكى نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

مۇقام ئەۋجىگە چىققانسېرى سورۇننى جىمجىتلىق قاپلىـــدى. مۇقام مۇڭلىرى ھەر بىر مېھماننىڭ ۋۇجۇدىنى سېھىرلىمەكتە ئىدى.

ــياشاڭ ئابلاخان ئاكا!

ــئالامەت كەلتۈرۈۋەتتا؟!

ــھەييى... ي!

مۇقام ئاياغلىششىغا ئۈزۈن سۈكۈتتىن تەۋرىنىپ ئويغانــغان مېھمانلار بارىكاللا ياغدۇرۇشتى.

بىر قېتىم ھېسام بىلەن ئابلاخان ئولتۇرۇشتىن يېرىم كېچىدە قايتىپ، سەنئەت ئۆمەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كېچىلىك قاراۋۇللارغا ئۇچراپ قالدى.

ــ توختا، ــ دېدى ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرسى قاتتىق تەلەپ-پۇزدا، ــشۇنچە كېچىدە نەدىن كېلىشىۋاتىسەن؟

ــ مانا ھېسام بالام، ناينىڭ دەردى چىقتى، ــ دېدى ئابلا-خان ئاكا چۆچۈپ. ھېسامۇ ئابلاخاندىن كەم چۆچۈمىگەنىدى، بىراق شۇ تاپتا ئاغزىدىن چاقچاق چىقىپ كەتتى.

ــ «دەردى ھۆسەن»گە چاله ئابلاخىنكا!

ــشۇك تۇر، «ئېشەك ئۆلسە...» دەپ، ــئابلاخان تېرىكتى. ئاگفىچە ھېلىقىلاردىن يەنە بىرى ئالدىغىراق كېلىپ، ئابلاخان ئا-كىنىڭ قولىدىكى ساتارنى شۈبھىلىنىپ تەكشۈردى ۋە:

ــنىشى شىمىرىن ① ؟ــ دەپ سورىدى. ئابلاخان ئاكا دەر-ھال قولتۇقىدىكى ساتارنى ئېلىپ، ھېلى چالىدىغاندەك قىياپەتكە كىردى ـ دە:

ــ بالام مەن سەنشى نيەندى دۇمتىراگىدىن ② ، ــ دېۋىدى ھېلىقى قاراۋۇل كۈلۈپ كەتتى. باشقىلىرىمۇ كۈلۈشتى.

ــزو ③ ، ـ دېدى قاراۋۇل سىلىق ئاۋازدا. كېيىن يەنە قو-شۇپ قويدى، ــ يىخو جۇيى، ئا! ④ .

ئىككىلەن ئىلدام مېڭىشىپ، بىردەمدىلا ئۆزاپ كەتتى.

ھېسام ئابلاخىنكامنىڭ بايىقى گېپىگە ئەمدى كۈلۈشكە باش-لىغانىدى.

ــ جۇۋاينىمەك، كۈلگىدەك ئىش بولۇۋاتامدۇ؟ ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرۇشقا بارىمەن دېمەي، غىت قىسىپ ئۆيدە ئولتار. تاگىدە ئېتىۋەتسە قانداق قىلاتتىڭ؟

شۇ ئىش ۋە ئابلاخىنكامنىڭ باشقىمۇ گەپ ـ سۆزلىرى «ئى-چىدە گەپ ياتماس» (ئابلاخان ئاكىنىڭ گېپى) ھېسام تەرىپىدىن بىردەمدىلا خەقنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ، چاقچاقخۇمار غۇلجىلىقلارغا خېلىغىچە يېڭى گەپ تېپىلاتتى. ئابلاخان ھېسامنىڭ ئېغىزىــنىڭ بوشلۇقلىرىدىن تالاي رەنجىگەن، بىراق ئاداۋەت تۇتماس بۇ ئادەم ئەتىسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

ئەل سۆيگەن سەنئەتكار ئابلاخان كىپەك بىلەن ھېسام قۇر-باننىڭ ھېكايىسىنى مەشەدە ئاياغلاشتۇرغاچ، ئاخىرىدا شۇ ماۋزۇغا ئائىت بىر نەچچە پاراگنى قوشۇپ كەتسەك ئارتۇق كەتمەس!

ھېسام بىر سورۇندا ئابلاخان ئاكىنى ئەسلەپ مۇنداق پاراڭ قىلغانىدى:

ــ بىر قېتىم «ئائىلىڭىز تاجىخېنىدەم بىلەن چىرايىڭىز ئوخ-شاپ كېتىدىكەن، ئەسلىي ئۇرۇق ـ تۇغقان بولمىغىدىڭلار» دەپ سورىسام، ئابلاخىنكام نېمە دېدى دېمەمسىلەر، «بالام ھېسام، ئەر ـ خوتۇن دېگەن بىر ئۆيدە ئۇرۇشماي ـ تالاشماي 30 ـ 40 يىل بىرگە ئۆتسە چىرايلىرى بىر ـ بىرىگە تارتىشىپ كېتىدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.

بىر قاراڭغۇ كېچىدە ھېسام بىلەن ئابلاخان ئىككىيلەن شىر-كەيىپ ھالدا ئولتۇرۇشتىن قايتىپتۇ. ئابلاخىنكام دەرۋازا بوسۇغۇ-سىدىن ئاتلىدىم دەپ بىر قارا كۆندىلەڭ يەردىن يوغان بىر چام-داپ ئاتلاپلا، بىر نەرسىگە مىنىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى توغرىسىغا ياتقان نەرسە قارا ئۆكۈز ئىكەن. چۆچۈپ كەتكەن ئۆكۈز لەسلا تۇرغان ئىكەن، ئابلاخىنكام تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ ـ دە:



---

① سەن نېمە ئادەم
② مەن ئوتتۇز يىللىق چالغۇچىمەن
③ ماڭغىن
④ بۇندىن كېيىن دىققەت قىل، ھە!

ــ تووۋا ھېسام، كەيىپچىلىكتە بوسۇغىمۇ قوپۇدىكەنە!ــ دېگۈدەك.

ــ ئابلاخىننىكام بىلەن بىر سورۇنغا باردۇق،ــ دېدى ھېسام بىر قېتىم،ــ ئارىلىقتا تالاغا چىقساق ئۆي ئىگىسى قورداققا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ.

ــ ھېسامجان، قوردىقى ساپلا ياغيۇ تۇرامدۇ نېمە؟ــ دېدى ئابلاخىننىكام يېنىپ ئۆيگە كىرگەندە، ساتارنىمۇ ئانچە ـ مۇنچىلا چېلىپ بولدى قىلدى. خېلىدىن كېيىن ئۆزۈم يالغۇز تالاغا چىقسام ساھىبخان ئىككىنچى تائامغا ـ قىزا نارىنغا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ. يېنىپ كىرىپلا بۇ خەۋەرنى ئابلاخىننىكامغا يەتكۈزدۇم.

ــ شۇنداقمىكەن،ــ دېدى ئابلاخىننىكام دەررۇ جانلىنىپ ۋە ساتارنى قولىغا ئالدى،ــ بىردەم شوخ ـ شوخ چاللى جۇمۇ ھېسام!

ئابلاخان ئاكا ئۆزىنىڭ يېقىملىق نەغمە، كۈيلىرى بىلەن ھېسامنىڭ تويىنىمۇ قىزىتىپ بەرگەن... تويىنىڭ گېپى چىقىپ قالدى، ئەمدى پاراڭنى شۇنىڭغا يۆتكەيلى.

توي ـ ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىش. تۇنجى تويى ھەققىدە سۆز ئېچىلسا، ھېسام ھازىرمۇ ھاياجانلىنىپ، گېپى تۇگىمەيدۇ. بۇ توي ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە خالىس غەمخورلۇقنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغانىدى.

دىلمۇك تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى چاپچال دىيارى، ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۈت فېرمىسى جايلاشقان بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا بۇ فېرمىغا غۇلجىنىڭ مەشرەپلىرىدە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن ئابدۇقېيۇم دېگەن قامەتلىك كىشى باشلىق ئىدى. قېيۇم چاكچاك ھېسامغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا بۆلەكچە ھېرىس بولىدىغان، ئۆيدە ئىككى مېھمىنى بولسىلا، بالا ئەۋەتىپ ھېسامنى چاقىرىپ كېلەتتى. گاھىدا ئۆيدە يالغۇزلۇقتا ئىچى پۇشۇپ، پۇغانى ئۆرلىسە ھېسامنى چاقىرىپ كېلەتتى ـ دە، خوتۇنىغا ئىككى تەخسە ئوخشىتىپ قورۇما قورۇتۇپ، ھېسام ئالدىرىماي دەسسەپ، شەھەر ئىچىنىڭ كوچىلىرىدا قەدەممۇ بىر ئۇ، يە بۇ بىلەن چاقچاقلىشىپ يېتىپ كەلگىچە، تاقەت قىلالماي ئىشكاپىدىن ئاللىقاچان ئېلىپ تىكلەپ قويغان ئالىي سورتلۇق ھاراقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قىرلىق ئىستاكاندا يېرىم قۇيۇپ گۈپپىدە كۆتۈرۈۋالاتتى ـ دە، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ناخشىغا تېگەتتى.

مەيدە يۇرگەن بىلەن،
ھېچنەلەر كۆرۈنمەيدۇ.
ئاڭغىچە ئىشك بىلىنمەيلا ئېچىلىپ، ھېسام كىرىپ كېلەتتى ـ دە، سالامنىڭ ئورنىغا چاقچاق قىلاتتى:



ھېسامنىڭ يولىغا قاراپ،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.
دەگا قېيۇم چاكچاك!

قېيۇم چاكچاك بوسۇغىدىن ئەمدى تۆرگە ئاتلىغان ھېسامغا ھاراق سۇندى. ھېسام ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، يەنە چاقچاق باشلىدى.

ــ جازا ھارىقنى مۇنداق ئاز قۇيىدىغىنىڭىزنى بىلسەم، يەنە ئازراق كېچىكىپ كېلىدىكەنمەن.

ــ ئۇلتار، ھاراق دېگەن تولا، ئىچىپ بىر يېرىڭ چىدىسىلا،ــ دېدى قېيۇم چاكچاك زوقلىنىپ.

ــ چاتاق يوق چاكچاك ــ دېدى ھېسام ھاراقنى مەززە قىلىپ ئېچىۋېلىپ،ــ بۈگۈن بىكار كېچىكمىدىم، سىزنىڭ ھارىقىڭىزنى جىقراق ئىچەلمەي قالماي دەپ ئەشەرىمگە ئۇلتاك سالغۇزۇۋېتىپ كەلدىم.

چاقچاق، قىزىق پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. ئىچى سىقىلىپ ئولتۇرغان قېيۇم چاكچاكنىڭ كەيپى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى. ئىككىيلەن قورۇملارغا ئانچە چوكا تەگكۈزمەيلا، ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر بوتۇلكا ھاراقنى تۈۋىگە يەتكۈزۈپ قويدى. قېيۇم چاكچاك پەخلداپ، قوللىرى بىلەن گىلەمگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھاراقتىن يەنە بىر بوتۇلكا ئەپكەلدى.

ــ يا ئاللا، قېيۇم چاكچاك، سۈت فېرمىسىدا ئىشلەمسىز، ھاراق فېرمىسىدىمۇ؟ــ پېچەت ھاراقنى كۆرۈپ ھېسامنىڭ چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ موخۇركىنى گىلەمگە تۆكۈپ تۇرۇپ يۆگىگەچ يەنە چاقچاق باشلىدى.

بىراق بۇ قېتىم قېيۇم چاكچاك ھېسامنىڭ چاقچىقىغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ھېسام ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان بىر پاراڭ قىلدى.

ــ ئۆيلىنەمسەن ھېسام؟

شۇ ھامان ھېسامدا كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان بىر ھال يۈز بەردى. ئۇ تاماكا ئىسىدىن قاقىلىپ كەتتى.

—نېمە دېدىڭىز... چاڭجاڭ؟

ھېسامنىڭ ئاۋازى ئۆزىمۇ سەزمەي چىرقىرىپراق چىقىپ كەتتى. ساھىبخان يەنە ھا - ھالاپ كۈلدى.

—خوتۇن ئالامسەن دەۋاتىمەن؟

—ۋاھ، ناۋات يەمسەن دېگەندەك گەپقۇ بۇ، ئالمىغاندا...

—ناۋات يەمسەن دېگەندەك دېگىن؟— قېيۇم چاڭجاڭ ھېسامنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى، — ناۋات دەپقوي! چىشىڭ بارمۇ؟

—مۇڭگۈزدەك دەڭا! — ھېسام راستتىنلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، تاماكىدىن سارغايغان چىشلىرىنى كۆرسەتتى. قېيۇم چاڭجاڭ يەنە سورىدى.

—لايىق بارمۇ؟

—نېمە دەيدۇ، پۇتقا لايىق شىبلىت تاپالمايۋاتساق لايىق نېمىش قىلىدۇ؟ لايىق بولغان بولسا ئاللىقاچان توي قىلىۋالمايتتىممۇ چاڭجاڭ.

—ئۆتكەندە مۇتەللىپلەر بىر لايىق تاپتۇق دەۋاتاتتىغۇ؟

—ھەلا دەڭا، ئۇردا مەللىكىلەر ئىچى پۇشسىلا ماڭا لايىق تېپىپ ئوينايدۇ.

—تاپىدۇ، ياراتمايمەن دېگىنە، — قېيۇم چاڭجاڭ ھېسامنىڭ نۆۋىتىنى ئۈزاتتى. ئاڭغىچە ئۇخشىغان لەغمەن ئەپكىرىلدى.

—مە ھېسام، ئاۋۋال بۇنى كومىمدە قويۇۋېتىپ، ئىشىڭنى يەۋال.

ھېسام بىر يېنى قىزىقچىلىق، بىر يېنى چىن ھالدا پاراڭ قىلدى.

—نەدىكى گەپنى قىلىپ... لەڭمەن ئۆتەمدۇ ئەمدى!

قېيۇم چاڭجاڭ بۇ گەپكە نە پەرۋا قىلمىدى، نە كۈلمىدى. ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ تامىقىنى يېدى. سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئاش سۈيىنىمۇ ئىچىۋالدى. ئەزەلدىن تامىقى ئاز ھېسام ئازراق لەڭمەن يەپلا، چوكا بىلەن تەخسىنى جايىغا قويدى ۋە يەنە موخۇركا يۆگىلى تۇردى.

—تامىقىڭنى يە ھېسام، — قېيۇم چاڭجاڭ رەنجىگەندەك سۆزلىدى، —سېنىڭ مۇشۇ بەزى قىلىقلىرىڭنىزە! ئولتۇرۇشتا سېنىڭ چاقچىقىڭنى خەقلەر تىنچ ئولتۇرۇپ ئاڭلىمىسا ئاچچىقىڭ كېلىدىغاندۇ - ھە، ئالايتەن ئەجىر قىلىپ ئەتكەن تامىقنى يېمىسەڭ، ھەدەڭمۇ خاپا بولىدۇ.

—خاپا بولمايدۇ، — دېدى ھېسام پەرۋاسىز، — ئىككى چاقچاق قىلىپلا ھەدىمىزنى ئېچىلدۇرۇۋالىمەن.

غىزا يېيىلىپ، داستىخان بىر قۇر يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قېيۇم چاڭجاڭ يەنە ھاراق قۇيدى.

—سەنزە ھېسام، — دېدى ئۇ كەينىگە سەل تاشلىنىپ،—ئۆزۈڭنىڭ غېمىڭنى ئۆزۈڭ قىلمايسەن. خەقلەر ئىشلىرىڭنى قىلىپ بېرىپ، يامان ئۆگىتىپ قويدى، ئۆيىنىمۇ سىلىپ بەردى. قىش كەلسە كۆمۈرىڭنىمۇ ئەل - ئاغىنىلەر چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمدى خوتۇنىمۇ خەق ئېپبەرسە...

—ياق، ئۇنىڭ ئۆيىقىنى ئۆزۈم پۈتتۈرۈۋالىمەن چاڭجاڭ،— دېدى ھېسام قەددىنى تىكلەپ.

كونا پاسوندىكى كەڭ - كەڭرى، ياسىداق سارايدا يەنە كۈلكە ياڭرىدى.

—سەن كىسپۇرۇچنىڭ مەشەلىرىنى دېمىسە...، — قېيۇم چاڭجاڭ كۈلكە ئارىلاش سۆزلىدى، — شۇ گېپىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ نۆۋىتىمنى ئىككىمىز بۆلۈپ ئىچەيلى. ئاچچىقنى ئىچەمسەن ياكى تاتلىقىنىمۇ؟

—ئاچچىقنى ئىچەي، - دېدى قۇۋ ھېسام، — تاتلىقى كەينىدە دېدىڭىزغۇ.

قېيۇم چاڭجاڭ كۈلۈپ، رومكىنى ئاۋۋال ھېسامغا بەردى. ھېسام ھاراقنىڭ يېرىمىدىن جىقراقنى ئىچىپ، ئىنگىسىگە قايتۇردى.

—سەن ھېسام، بۇنداق يۈرۈۋەرمە، — دېدى قېيۇم چاڭجاڭ تېڭىشلىكنى ئىچىۋېتىپ، — ئۆمۈر دېگەن ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ھايات دېگەن ئۇ سېنىڭ كىملا ئاڭلىسا كۈلۈپ بېرىۋېرىدىغان چاقچىقىڭ ئەمەس. ساڭا دەپ قوياي، ئارقاڭدا بىرەر ئەۋلادىڭ قالمىسا، چاقچاقلىرىڭمۇ ئۆزۈڭ بىلەن تەڭلا ئۆلىدۇ، قانداق دېدىم؟

بۇ چاغدا ھېساممۇ خىيالغا پاتقانىدى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئويلىمايتتىمۇ، ئويلايتتى. بىراق شۇ، پەرۋاسىزراق ئىدى.

—توغرا دەيسىز چاڭجاڭ، — دېدى ئۇ خىيال ئارىلاش. قىزىپ قالغان ساھىبخانىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.





— ھۇ سېنىڭ شۇ چاكچاك ـ چاكچاكلىرىڭنى! قېيۇمكا دە!

— خوپ، قېيۇمكا!— دېدى ھېسام ئىتتىكلا چاس بېرىپ.

— ساڭا ئېيتسام،— دېدى ساھىبخان، — نەچچە كۈندىن بېرى ھەدەڭ ئىككىمىز غېمىڭنى يەۋاتىمىز. بىز دېگەن ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن خەقلەر. رەھمەتلىك قوناخۇنكام بىلەن ھەسەلخىنىدەم توققۇز پەرزەنتلىك بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. سەن بىرەرمۇ پەرزەنتلىك بولمىساڭ، ئۇلارنىڭ روھى قورۇنمامدۇ؟

ھېسامنىڭ بېشى ساڭگىلىدى. چاقچاقچى ھېسام خىيالچان، مۇڭلۇق ھېسامغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭدا بۇنداق ھالەت كەمدىن كەم كۆرۈلەتتى.

— ئاپاڭ بىلەن داداڭ سىلەر بىرەرىڭلارنىڭمۇ توينى، قىزنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتتى. ھېسام، سەن ئەمدى ناي ـ نەينىڭ كەينىدە يۈرۈپ كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈۋەرمە. يېنىڭدا مانا بىز بار، بېشىڭنى ئوڭلاپ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ روھىنى خۇش قىل. بۈگۈن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى چاقىردىم.

ھېسام قاتتىق تەسىرلەندى. يۈرىكى قىزىق چايغا سالغان ناۋاتتەك شۈرۈلداپ ئېرىدى. خىياللار، تەپەككۇرلار شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋاژىلداپ قاينىدى. ياشلىق باھارىدىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولغان مۇزدەك تېنىنى يىلىنجاتتى.

ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەققىدە ھېسام تالاي ـ تالاي قېتىم ئويلىغان. دۇنيادا يالغۇزلۇقتىنمۇ يامان نەرسە بارمۇ؟ ھېسام گاھىدا ھەسرەتلىك، سوغۇق يالغۇزلۇقنى باشتىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئەلەم ئىلكىدە «دۇنيادا ماڭا جۈپ بولىدىغان ئايال زاتى بارمىدۇ، بولسا نەدىدۇ...؟» دەپ ئويلايتتى.

ھېسامنىڭ توي ئىشىغا غۇلجىلىقلار، جۈملىدىن شەھەر ئىچى، ئوردا مەھەللىسىلىكلەر تالاي كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆيلەردە، سورۇنلاردا بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆزلەر بولۇناتتى. ھېسامغا لايىق تاپقانلار، ئۆزىنى ئۆزى لايىقلىققا كۆرسەتكەنلەرمۇ چىققانىدى.

— ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلاي،— دېدى قېيۇم چاكچاك گېپىنى خۇلاسىلەپ،— ئالدىنقى ھەپتە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كۈچادىن بىر نەچچە مېھمان كەپتىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىزى باركەن. ئۆزى قاملاشقان، يېشىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس. ئىسمىنى سائادەت دەيدۇ. غۇلجىدىن مۇۋاپىق لايىق چىقسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىزىنى مەشەدە ياتلىق قىلىۋېتىش خىيالى باركەن.

ھېسام گاڭگىرىغان ئادەمدەك ساھىبخانغا قارىدى. قېيۇم چاكچاك كۈلۈمسىرىدى.

— ھاڭۋېقىپ قالدىڭغۇ؟ مەن بىلەن ھەدەڭ شۇ قىزنى ساڭا لايىقكەن، دەپ ئويلىدۇق، قانداق؟

شۇ دەم «سائادەت» دېگەن ئىسىم ھېسامنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قېيۇم ئاكىسىغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقمىدى.

«خەيرلىك ئىشنىڭ ئەتە ـ كەچى يوق» دېگەندەك، ھېسامنىڭ ھاياتىدىكى قۇتلۇق ئىش قىرىق ئالتىنچى يۇلتۇزىغا (ئەگەردە ئىنسانىنىڭ بىر يېشىنى بىر يۇلتۇز دېگىلى بولسا) پۈتۈلگەن ئىكەن، قالغان ئىشلار تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. مەرھەمەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئىلى خەلقىنىڭ ئوغلى بولغان قېيۇم ئاكا ئۆزى ئاتا بولۇپ ھېسامنىڭ تويىغا تۇتۇش قىلدى. شۇ كۈنلەردە ھېسام چەكسىز ھاياجاندا ئىدى. ئۇ سائادەت بىلەن كۆرۈشكەن، ئۆز كۆزىگە، بەختىگە ئىشەنمەي قالغانىدى. ھەسەلخان ئانا چىن قەلبىدىن يىغلاپ ئۇنىڭغا بەخت تىلىگەنىكەن.

ھېسامنىڭ توي قىلىدىغانلىق خەۋىرى شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىگە پۇر كەتتى. ھەممىلا يەردە شۇ گەپ ئىدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، ھېسام توي قىلىدىغان بوپتۇ!

— ھەر نېمە بولسا... كىمنى ئالىدىكەنوي؟

— كۈچانىڭ بىر ياش گۈزىلىنى!

— خۇدايىم بېرىپتۇ!

مۇنداق پاراڭلارمۇ بولاتتى.

— ھېسام بىلەن كۆڭلۈم يېقىندى، تويىغا ئېيتار!

— ھېسام بىلەن ئەمەس، قېيۇم چاكچاك بىلەن يېقىن بولساڭ بولىدۇ. تېيىنىنى شۇ خەجلەۋاتقىدەكمىش.

— ۋاي ـ ۋۇي، بوپتىلا، ئۇ كۈنىمىغۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدە تۇغقانلارنىڭ تويى بار ئىدى.

يەنە مۇنداقمۇ گەپلەر بولاتتىكى، بۇ گەپلەرنى (توغرىسى چاقچاقلارنى) قىلغۇچىلار ئوردا مەھەللە، شەھەر ئىچىنىڭ گەدىنلىرى ئىدى.

— ھېسامكا، ئالتە چىشلىق كېۋەزدەك ھىڭگىيىپلا قاپسەنغۇ،— دېدى سابىرجان مۇئەللىم.

ـــمۇبارەك بولسۇن ھېسامكا، قىرىق يىل تارانچى دەپ يۈرسەك، كۈچالىق چىقىپ قاپسەن، ـــ دېدى ساتتار.

ـــھېسامتاي، ئەمدى بىزنى ئاكا دەڭ جۇمۇ، توي يېشىغا ئاران يېتىپسىز ئەمەسمۇ، ـــ دېدى ئىبراھىم.

ھېسام بۇ چاقچاقلارغا شۇنداق ئەپچىل جاۋابلارنى قايتۇراتتىكى، چاقچاق ئىگىلىرىمۇ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ قايىللىق ئىلكىدە كۈلۈپ كېتەتتى.

ـ ھېسامكا، تويۇڭغا نېمە سوۋغا ـ سالام ئاپىراي؟ـــ دېدى مەسلىھەت چېيىدا چاقچاقچى روزى ئابدۇۋېلى ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

تۆردە، «سۇلتان بېگىم» ئورنىدا كېلەڭسىزگىنە ياسىنىپ ئولتۇرغان ھېسام دەررۇ جاۋاب قايتۇردى:

ـــئەمدى روزى، بىر ئۆي دېگەنگە ھەممە نېمە لازىم بولىدۇ، قۇيرۇقىڭدا بىر چاكوش ياساپ كەل!

«ۋا...!» دېگەن كۈلكە ساداسى قېيۇم چاڭجاڭنىڭ كەگرى ھويلىسىنى بىر ئالدى.

تويغا توي ياراشقاندەك، دەل ھېسامنىڭ نىكاھ كۈنى خەلقنى ئون يىل ئازاب ـ ئوقۇبەتكە، پاراكەندىچىلىككە سالغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنغانلىق خۇشخەۋىرى يېتىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى شادلىققا جور بولۇپ، غۇلجا شەھىرى بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى ناغرا شادىيانىسى بىلەن مۇبارەكلىدى. ئاۋامنىڭ قولىقىدىن يىتۈپ كەتكەن ناغرا پەدىلىرى بەيتۇللا ئۆگزىسىدە قايتا ياڭرىدى. شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن شەھەردىكى ناغرا ـ سۇناي ئۇستىلىرىنى يىغقاندى. ئۇلار ھېسامنى تويلۇق كىيىملىرى بىلەن نىكاھ سورۇنىدىن تاپتى.

ھېسام شۇ كۈنى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شادلىق يامرىغان ھالدا ناغرا چالدى. ئۇ باش ناغرىدا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ مەملىكەتنىڭ تويىغىمۇ، ئۆزىنىڭ تويىغىمۇ ناغرا چالاتتى. خىيالىدا بالا ۋاقتىدىكى ناغرا چالغان پەيتلىرى، بەستىدە ياش ۋاقتىدىكى كۈچ ـ قۇدرىتى!

توي ئولتۇرۇشىدىن ھېلىدىن ھېلىغا خەۋەر كېلەتتى. يېڭى كېلىن ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى. ئەل ـ ئاغىنىلەر توي سورۇنىدا قىزىق قەدەھ سۆزلىرىنى تەييارلاپ، يولىغا قارىماقتىدى. ھېسام نەچچە قېتىم رۇخسەت ئېلىپ، توي سورۇنىغا قايتماقچى بولۇۋېدى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى «يەنە ئازراق چال ھېسامكا، بۇ دېگەن سىياسىي ۋەزىپە، يەنە ئازراق چال!» دەۋەردى. بىر چاغدا ھېسام ئاچچىقنى چاقچاققا يۆلەپ، كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلدى.

ـــئۇكا، چال، چاللا دەۋېرىدىكەنسەن، ۋاقىت خۇپتەندىن ئاشتى، تويمۇ تارقىدى، مەن بۇ يەردە ناغرا چالىۋەرسەم، ئۆيدىكى ناغرىنى كىم چالىدۇ؟

كادىر قىزىرىپ كەتتى ۋە ھېسامنىڭ قولىدىكى ناغرا چوكىسىنى ئالدى.

ـــراست دەيسەن ھېسامكا، جىددىيچىلىكتە ئېسىمدىن چىقىپتۇ، بولدى، ئورنىڭدا مەن چالاي، چىلىشتىغۇ ساڭا يەتمەيمەن ئەمدى. بولدى ئاكا، كېلىناغىچىنىڭ يېنىغا چاپسان بارغىن!

ھېسام يەنە بىر نەچچە چاقچاق قىلىپ، ناغرىچىلارنى كۈلدۈرۈپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتتى. ئۇنىڭ نىكاھ كۈنى مانا شۇنداق ئۆتكەنىدى.

ھېسام ھاياتىدا ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى. ھەر قېتىمقى تويىغا ئائىت نۇرغۇن ئەستىلىكلەر ۋە قىزىق پاراڭ، چاقچاقلار بار. بۇلارنىڭ تولىسىنى ھازىرمۇ ئۇ گاھىدا ئۆزى سۆزلەپ قويىدۇ.

بىراق بىز ھېسامنىڭ تۇنجى تويىدىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىلدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن تارقالغان چاقچاقلاردىن بەزىلىرىنى بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم ئېتىمىز.

● ھېسامنىڭ گەپكە ئۇستىلىقنى كۆرەلمىگەن بىر ئەمەلدار دائىم ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىكەن ۋە ھەمىشە:

ـــسەن زادى كۆڭلۈمدىكىنى تاپالمايسەن، ـــ دەپ ئاغرىنىدىكەن.

بىر قېتىم بىر سورۇندا ھېسامنىڭ چاقچاقنى يەنە راسا قايناتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قاپتۇ ۋە تامىقىنى ئەتەي قىرىپ، ھېسامغا ئالىيىپ قاراپتۇ. ھېسام «باشلىققا چاقچىقىم يارىمىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، چاقچىقىنى قايىلدە توختىتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەمەلدارنىڭ قاپىقى بەتتەر تۈرۈلۈپتۇ ۋە ھېسامغا:

ـــ ھە، ماڭا ئاچچىق قىلغىنىڭمۇ بۇ؟ ـــ دەپ چىچاڭشىپتۇ.

ھېسام دەرھاللا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، كۈلۈمسىرەپتىكەن، ئەمەلدارغا بۇمۇ ياقماپتۇ.

ـــتېخى مېنى شاڭخۇ قىلغۇدەك بولدۇڭما؟ـــ دەپ كۆزىگە كىرىۋاپتۇ.

ھېسام ئەمدى ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋاپتۇ.

ـــتېخى بىزار بولدۇڭ مەندىن؟ ـــ باشلىق گۆلىيىپ يەنە ۋارقىراپتۇ.

بۆلەك ئامالى قالمىغان ھېسام جەھلى بىلەن ئولتۇرغان يېرىدە ئەمەلدارغا بىر پەشۋا ئېتىپتىكەن، ئۇ پور كۆتەكتەك گۈپلا يىقىلىپتۇ ـ دە، ئۇن ـ تىن سۇرەلمەي سۇنايلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. ھېسام باشلىقنى يەنە بىرەر نېمە دەمدىكەن دەپ بىراز كۈتسە، ئەمەلدار زادىلا ئۈن سۈرمىگۈدەك، شۇ چاغدا ھېسام دەپتۇ:

ـــكۆڭلىڭىزدىكىنى ئەمدى تېپىپتىمەن ـ دە، ھە ـ باشلىق؟

● ھېسام خىزمەت قىلىدىغان بۆلۈمنىڭ باشلىقى كۆرگەنلا ئادەم ۋە نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان، ئىنتايىن سولچى ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ھېسام ئىش ئۈستىلىدە بىر نەرسە يېزىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردىدە، بىر چىۋىننى قوغلىغىلى تۇردى. قوغلىغاندىمۇ تازا قوغلىدى.

نېرىقى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئاخىر ئىچى پۇشتى.

ــ ھېسام، نېمانچىلا تىرەڭشىۋېرىسىز بىر چىۋىن بىلەن، بولدى قىلىڭا!

ــ ئۇنداق دېمەڭ باشلىق، ــ دېدى ھېسام جىددىي ئەلپازدا، ــ مەسىلىگە بۇنداق ئاددىي قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ چىۋىن ھازىرلا سىزنىڭ ئۈستىلىڭىزگە قونۇپ، ئاندىن ئۇچۇپ مېنىڭ چاپىنىمنىڭ تاق يانچۇقى ئۈستىگە قوندى. كىم بىلىدۇ، ئۇ مەخپىيەتلىك ئوغرىلىماقچىمۇ ياكى ئادەتتىكى يانچۇقچىلىقمۇ، تۇتۇپ ئېنىقلاش كېرەكتە!

ھېسامنىڭ گېپىنى چۈشەنگەن بۆلۈم باشلىقى دەررۇ بېشىنى ئالدىدىكى قەغەزگە ئەگدى.

● «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ھېسام ئىشلەيدىغان يېمەكلىكلەر شىركىتىدە بىر نۆۋەت قاسساپلار ئارىسىدىن ئىلغار سايلاش ئېلىپ بېرىلىپتۇ. بىر چاغدا ھېسام پىكىر قاتناشتۇرۇپتۇ:

ــ مېنىڭچە سەلەي قاسساپ «ئۇچتە ياخشى» بولسا بولىدۇ.

ــ قېنى ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىڭا، ــ دەپتۇ يىغىن باشقۇرغۇچى قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ.

ھېسام ساناپ بېرىپتۇ:

ــ بىرىنچىدىن، سەلەي قاسساپ خېرىدارلارنى ئۆچرەتتە ئۇزاق ساقلاتمايدۇ، مۇبادا ئۇ ئادەم تونۇشلا بولسا؛ ئىككىنچىدىن، كەسىپكە ماھىر، بىر قوينى سېھىرچىدەك بىر يېرىم قوي قىلىپ ساتالايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، جاپا چېكىشكە ئامراق، يەنى خەلق ئاممىسىغا سېمىز گۆش زىيان قىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزى يەيدۇ.

● ھېسام ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۆزىنىڭ گېپىنىلا راست قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ھېسام نەچچە قېتىم ئۇنىڭ مىجەزىگە قارشى ئىش قىلىپ، دەككىسىنىمۇ يېگەنىدى.

بىر قېتىم ئىدارە بويىچە «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى» ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. ھېسام پىكىر بايان قىلماي ئولتۇرۇۋالغانتى، يېنىدىكى بىرەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ:

ــ قېنى ھېسامدىن، سىزمۇ ئۆز تونۇشىڭىزنى قويۇپ باقماسىز، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ ــ دېدى.

ھېسام لاپپىدە باشلىققا قارىۋېتىپ، دېدى:

ــ شۇنىمۇ ئۇقماي بۇ ئىدارىدە ئىشلەپ يۈرەمسىز بۇرادەر، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بىزنىڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزى ئەمەسمۇ؟

● « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىللاردا دوختۇرخانىلارنىڭ تازىلىقى بەكمۇ ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسام كېسەلخانىدا يېتىۋاتقان بىر بۇرادىرىنى يوقلىغىلى بارماقچى بولۇپ تەرەددۇتلەنگەندە يوتقان ـ كۆرپە، چىنە ـ قاچىلارنى بىللە ئېلىپ ماڭدى.

ــ كېسەل يوقلاشقا مۇنداق بارغان نەدە بار؟، ــ دەپ ئەجەبلەندى قوشنىسى.

ــ سىز ئۇقمايسىز، ــ دېدى ھېسام، ــ ئاغىنەمنى يوقلاپ يانغۇچە ئۆزۈممۇ ئاغرىپ قالغۇدەك بولسام، يولنى ئىككى مېڭىپ يۈرمەي دەيمەن.

● ھېسام يېزىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، بىر يىلنىڭ ئاخىرى ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ئەمگەك نومۇرىنى باھالاش بولۇپ قالدى. يىغىن ئوتتۇرىلىقىدا بىر ياش يىگىت سۆز ئېلىپ:

ــ مېنىڭ پىكرىم، باش دۈيجاڭغا بۇتې ① نومۇرىنى كۆپرەك قوشۇپ بەرسە بولىدۇ، يازىچە ئاز جاپا چەكمىدى، ــ دېدى.

ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر نەچچە مويسىپىت بۇ گەپنى چۈشەنمەي:

ــ ھېسام، ئۆزۈڭ خەنزۇچىغا خېلى ئۇستىغۇ، بۇتې دېگىنى نېمىسى ئۇ؟ ــ دەپ سوراشتى.

ھېسام تەرجىمە قىلدى:

ــ يازىچە دۈيجاڭنى ھاراق ئىچمەن دەپ يامغۇر ـ يېشىندىمۇ شەھەرگە قاتراپ ئايىغى يىرتىلىپ كەتتى، شۇڭا رېزىنكە بوتەي ئېلىۋېلىشقا پۇل قوشۇپ بېرىلى دېگىنى!

● يېزىدا ئىشلەپ يۈرگىنىدە، يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىر قېتىم كوللېكتىپ ئاشخانىدىن تاماق يەپ، چىقارىدا ئۆزى ئەپچىقىپ كېتىشكە ئۇيالدىمۇ، يېنىدا تۇرغان ھېسامنىڭ يانچۇق، قويۇنلىرىغا بەش ـ ئالتە ناننى تىقىشتۇرۇپ، پومپايتىۋەتتى ـ دە:

ــ كەينىمدىن ياتىقىمغا ئەپچىقىپ بەر، ــ دېدى.

ھېسام ئاچچىقى بىلەن تالاغا چىقىۋېدى، قاراڭغۇدا بىراۋغا سوقۇلۇپ كەتتى.

ــ كىم سەن؟ ــ دېدى ھېلىقى ئادەم چۆچۈپ.

ھېسام زەردە بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

ــ نان ساندۇق.

### *11 ـ باب. لاپچىلىقتا*

ــ ھېسامكام تازا خۇرۇچىغا كەلگەندە ئاغزىدىن پىلموت ئوقىدەك قالتىس ئوخشىتىشلار چىقىپ كېتىدۇ، ــ دېگەنىدى بىر

---

① بۇتې ــ خەنزۇچە قوشۇمچە دېگەن مەنىدە.

سورۇندا روزى ئابدۇۋەلى، ــ راست ھە، ھېسامكا؟

ھېسام جاۋاب قايتۇرغىچە، بىر ياش چاقچاقچى گەپكە لوقما سالدى:

ــراست، ئەمما ئۈچ رومكا قېقىۋالغاندىن كېيىن، قانداق دېدىم ھېسامكا؟

ــقىزىقكەنسەن ۋەلى، ــ دېدى ھېسام، ــ ماشىنىغمۇ بېنزىن قۇيمىساڭ ماڭمايدۇ ـ دە!

ــ گەپ قىلغۇي ماشىنا! ــ ۋەلى دەررۇ چاقچاق كەلتۈردى،ــباياتىن بىر چىلەك بېنزىن ئىچىپ بولدىڭىز، يەنە تاتىلمىسا، ئىچىلمايسىز؟

ــھەي ۋەلى، لاپ ئۇر دېسە شۇنداقمۇ ئاتامسەن؟ ھېسامكام تېخى بەش رومكا ئىچتاۋاي!

ــلاپ دېگەننى ھېسامكامدىن سورا! ــ روزى غىدىقلىدى،ــ گەپ قىلە ھېسامكا، بۆدۈنە تۇتقان يەرلىرىڭدىن باشلاپ...

ھېسام تۇرۇپلا قىزىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن لاپ باشلاندى:

ــبىر كۈنى، ــ دېدى ھېسام ئادىتى بويىچە «بىر كۈنى»نى سوزۇپ، ـ مەلىمىزدىكى ئىككى پوچى بىلەن بىر ماشىنىغا چۈشۈپ، قارامايغا تويغا ماڭدۇق.

ــسېنى قوشقاندا ئۈچ پوچى بوپسىلەردە، ھېسامكا؟ ــ ياش چاقچاقچىلاردىن بىرسى ھە دېمەي لوقما سالدى.

ــشۇ، سېنى تاپالمىدۇق، ــھېسام ۋاقلا ئۇردى، ــ شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن يولدا ئۇنى ـ بۇنى دېيىشكەندىن كېيىن قىلىشىدىغان گەپمۇ تۈگەپ قالدى.

ــھېسامكا، پو ئاتقاچ ماڭمايلىمۇ، ــ دېدى بىر چاغدا كېرىم پوچى. ئۇنىڭ تەكلىپىگە قېيۇم پوچىمۇ قوشۇلدى.

ــشۇنداق قىلايلىلا، يامان پو ئاتقىم كەپكېتىپ بارىدۇ!

ــئەمىسە سىلەر باشلاڭلار، ــ دېدىم، ــ كارامىتىڭلارنى بىر كۆرۈپ باقاي!

شۇنداق قىلىپ، باشتا تەكلىپ بەرگەن كېرىم پـوچى گـەپـنى باشلىدى:

ــقارا ھېسامكا، قارامايدا ئەل ـ ئاغىنىلەرمۇ جىق، ئۇزاقراق ئويناپ قالساق دەپ، ئاخشام تايىنچىدەك يوغان بىر قوينى كۆتۈرۈپلا بېسىپ، باللارغا سويۇپ بەردىم.

ــسەنچۇ قېيۇم؟ ــ دېدىم.

ــمېنى دېمەمسەن، ئۆيدىكى يىگىلا تېلېۋىزورنى بالام غالتەك بېكىتىپ، ھارۋا قىلىپ ئويناپ يۈرۈپتىكەن، ئوينىساڭ ئـويـنـارە دەپلا، ئاشۇ ئەللىك سۇڭلۇق تېلېۋىزوردىن ئەكىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ مۇشۇ ياققا ماڭدىم.

① خالاڭقۇر—توخۇ پىشۇرۇپ ساتىدىغانلار.

ئىككى پوچى ئەمدى ماڭا قارىدى:

ــئەمدى ساڭا كەلدى ھېسامكا!

ــئاكاڭ قارىغاينى بىلىسىلەرغۇ، ــ دېدىم، ــ قاراماي تەرەپلەردە يەرلىشىپ قالالمىدۇق تېخى دەپ، ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپلا كەلدىم.

ئىككى پوچى خىجالەت بوپقالدىمۇ، بىر ـ بىرسىگە قارىدى.

ــھە ھېسامكا، شۇنىڭ بىلەن پورىڭلار توختاپ قالدىما؟

ــتوختامدۇ، ئۆگەنگەن خۇي تۇرسا!

ماشىنا ئادەتتىكى يولدىن ئاسفالت يولغا چىقىپ بىردەم مېڭىۋېدى، قېيۇم پوچىنىڭ ئاغزى قىچىشتى.

ــنېمە دېگەن ناچار يول بۇ، بىزنىڭ يۇرتنىڭ يوللىرى ھە! ئەينەك ـ ئەينەك! مۇز ـ مۇز! ماشىنىلارنىڭ مېڭىشـفـا قـاراپ، چاقلىرىغا كانكى باغلىۋالدىمىكىن دەيسەن...

ــ ھەرقانچە نوچى بولسىمۇ، بىزنىڭ يۇرتنىڭ يولىغا يەتمەس، ــدەپ قېيۇمنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى كېرىم، ــ ئۇ يوللاردا، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ تالاغا قارايدىغان بولساڭ، يول بويىدىكى ستولبا، دەل ـ دەرەخلەردىن بىر قەۋەت تام پەيدا بولىدۇ. مانا!

ئىككى پوچى يەنە ماڭا قارىدى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

ــبىزنىڭ خوتۇننىڭ يۇرتىغا بارغانمۇ سىلەر؟ پاھ، توي قىلماستا بىر بارغىنىمدا ماشىنىغا ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ئايالىم بىلەن سۆيۈپ خوشلىشاي دەپ شۇنداقلا ئېڭىشىشىمگە ماشىنا چۈۋۈندە مېڭىۋېدى، قارىسام باشقا مەلىدىكى بىرسىنى سۆيۈۋالغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن سائادەت بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، توي يېرىم يىل سۈرۈلۈپ كەتتى.

ــئاتە، سالى! ــ دېدى سورۇندىكى بىرى.

خەپشۇك!ـ دېدى يەنە بىرى،ـ ھېسامكامنىڭ ئىلھامىنى بۇزما!

ــئاتقاننى ئەمدى ئاڭلايسەن، ــ دېدى ھېسام ۋە كۆپچىلىككە قارىدى،ـ دەمدىم، دېمەمدىم؟

ــدە، ھېسامكا! ــسورۇندىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى.

ھېسام لاپنى داۋاملاشتۇردى:

ــماشىنىدا كېتىۋاتىمىز، بىر چاغدا كېرىم پوچى يانچۇقىدىن ئېيسىل بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، بىزگە بىر تالدىن تۇتتى ـ دە، كېيىن تاماكا، چاقماقنى ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا تاشلىۋەتتى.

ــھوي كېرىم، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ــيەنە چېكمىز، ئەمەسمۇ؟ــدېدىم.

كېرىم قېتىغا ئالماي:



2007.2

—ھېسامكا، چەكسەك سومكىدا جىق، —دېدى تاماكىنىڭ ئىسنى پۈرقىراتقىنىچە.

بىردەمدىن كېيىن قارىسام قېيۇم پوچى يانچۇقىدىن بىر يادفوننى ئېلىپ بىر يەرگە تېلېفون بەرگەندەك بولدى ـ دە، سۆزلەشىپ بولۇپ يانفوننى دېرىزىدىن تاشلىۋەتتى.

—ھوي ئاداش، بۇ تاماكا ئەمەس، يەنە سۆزلەشسەك لازىم بولامدۇ؟—دېدى كېرىممۇ مەندەكلا ئەجەبلىنىپ.

قېيۇمنىڭ پەرۋايى پەلەك:

—سۆزلەشسەك يانفون دېگەن تولا!

خەپ دېدىم، ئۇنداق بولۇشى ئىككى پوچى «ئەمدى ساڭا كەلدى» دېگەندەك تەڭلا ماڭا قاراشتى. تۇرۇپلا يېنىمدا ئولتۇرغان قېيۇمنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن تالاغا تاشلىۋەتتىم.

كېرىمنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.

—ھى... ھېسامكا، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، — دېدى ئۇ ئارانلا.

—نېمە قىپتىمەن؟

—ئەل ـ ئاغىنە ئادەمنىمۇ شۇنداق قىلامسەن؟

—قارامايدا ئەل ـ ئاغىنە دېگەن جىق، — دېدىم غەم تارتماي،—قانداق؟

—ئالامەت جۇندەپسەن، — دېدى روزى ئابدۇۋەلى كۈلكىلەر بېسىققاندىن كېيىن كۆپچىلىككە كۆزىنى يۇمچۇقلاپ، — ئەمدى ھېلىقى بۆدۈنە ئوۋلىغان پولىرىڭنى دەپ بەرگىنە!

—كەچكىچە بىرلا ياڭزا قىچقىرىدىكەنسەنــدە روزى، يــەنــە ئاڭلامسىلەر پونى باللار؟

—ئاڭلايمىز! —باپباراۋەر ۋارقىرىدى سورۇن ئەھلى مەكتەپ باللىرىدەك.

—بوپتۇ، ئەمسە سىلەرگە كاۋا بىلەن قازاننىڭ پورىنى ئېيتىپ بېرەي!

ھېسام ئادىتىگە ئاساسەن بىر شىتىل ھەرىكەت قىلىۋېلىپ، گەپنى «بىر كۈنى» دىن باشلىدى:

—بىر كۈنى، گەمدىكى ۋاقتىمدا دەڭلەر، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە ئازراق تۇرپان كاۋىسى تېرىدىم. كاساپەت، قالتىس ئۇخشاپ كەتتى دېمەمسىلەر. ساندۇقتەك، چامادانــدەك كــاۋىــلار «قايسىمىزنى ئاۋۋال ئۈزىسەن ھېسام؟» دېگەندەك ساڭگىلىشىپ تۇرامدۇ. ئۈزۈۋشكە چامىم كەلمەي، ساپىقىدا تۇرغۇزۇپلا ساتىۋەردىم. كاۋا ئالغانلار بەزىلىرى قول ھارۋا، بەزىلىرى ئات ھارۋا، گاپىلىرى تېخى بىر كاۋىنى بېسىپ ئەكتىش ئۈچۈن تراكتور ئەكەلىشىدۇ. كۈلسەڭمۇ روزى، ئىچىنى ئويۇپلا كاتەك قىلىۋالغىدەك يوغان كاۋىكەندە دەۋاتامسەن؟ ئۇرۇقىمۇ تەييار دان، ھە؟ شۇنداق قىلىپ، كاۋىلارنى ساتا ـ ساتا، ئەڭ ئاخىرىدا «ئەمدى تۈگىدىغۇ» دەپ كاۋىلىقنىڭ ئاخىرىدىكى قوشنىلارنىڭ ئامبىرىغا يۆلىنىپ پۇل سانىۋاتسام، پوت ـ پوت بىلەن كەلگەن بىر بايۋەچچە:

—ئاكا، كاۋىنى ساتامسىز؟ —دەيدۇ.

—كېچىكىپ قاپسەن ئۇكا، كاۋىلار تۈگىدى،—دېدىم ئېرەنشىمەي.

—نەدە تۈگەيدۇ ئاكا، يۆلىنىۋالغىنىڭ كاۋا بولماي نېمە، ئۇنى مۇزېيغا ئاپىرىپ بېرەمسەن ـ يا؟ — دەيدۇ پوت ـ پوتلۇق.

ئۆرۈلۈپ قارىسام، ئەييۇھەنناس، باياتىن يۆلىنىپ ئولتارغىنىم قوشنىلارنىڭ ئامبار ئۆيى ئەمەس، ئۆيدەك يوغان كاۋىكەن ئەمەسمۇ، شۇ، بايا دۈمبەمگە مۇزدەك ئۇرۇلغىنى بىكار ئەمەسكەن؟

—تۈمۈ ـ پۈمۈ بوپقالمىغانسەن مۇزدەك تــېــگــىــپ؟—روزى ئابدۇۋەلى پاچاقچىلىق قىلدى.

—بولارمىكىن روزى، خالاڭجۇردا ① بىر پاچاق ئىككى سوم جۇمۇ!—ھېسام ئۆزى كۈلۈپ، ئۆزى سۆزلىدى.

—ھاۋا ـ ۋا... روزى ئاغزىغا شاپىلاقلىدى، — سۆزلەۋەر ھېسامكا!

—شۇنداق قىلىپ كاۋىنى ھېلىقىنىڭغا باھاسىغا چىقىرىپ ساتتىم. بايۋەچچە كاۋىنىڭ ئىنىنى بىر سائەتتە غېرىچلاپ بولدى. تاق بىر يۈز ئۈچ يىرىم غېرىچ كەپتۇ...

—ئاتە، پونى!ـ ھېلىقى ياش چاقچاقچى يەنە چىدىمىدى.

— ئاتالىساڭ ئات! — ھېسام دەرھال قايتۇرما زەربە بەردى، —ھەي روزى، چۈجىلىرىڭنى بىردەم باشقۇرغىنا، چۇكۇلداتماي!

— تۆ ـ تۆ ـ تۆ ـ تۆ!—دەپ قويدى روزى ئابدۇۋەلى قىزىقچىلىق قىلىپ، — خەپشۇك!

ھېسام لاپنى داۋام ئەتتى:

—كاۋىنىغۇ ئوبدان ساتتىم، لېكىن، بايۋەچچە يۆتكەپ كەتكىچە راسا قىينالدى ـ دە! شەھەردىن كىرانلىق ماشىنا باشلاپ كەينىدە «دۇڭفېڭ» ماشىنا، گەمدىن سەككىز ئىشلەمچى تېپىپ بەردىم. كاساپەتلەر بىر ئەترەتنىڭ ئارغامچىسىنى يىغىپ ئەپكېلىپ، بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، كاۋىنى ئارانلا باغلاپ، كىرانغا ئېلىپ بەردى...

لاپ مەشەگە كەلگەندە روزى ئابدۇۋەلى يەنە تەخىر قىلالمىدى.

—ھېسامكا، ئۇ بايۋەچچە ھېلىقى كاۋىنى شەھەرگە ئاپىرىپ نېمە قىلىدىكەنە؟

—ئۇنى پىشۇرغىدەك قازان بولمىسا دېگىنە! —ھېسام چېچەنلىك بىلەن كېيىنكى ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئالدى، — دېدىمغۇ، شەھەرگە يېقىنراق كېپەكيۈزىگە ئاپىرىپ، ئىچىنى ئويۇپ توخۇ فېرمىسى قىلىدىكەن.

ھەرقانداق سورۇندا ھېسام بولسىلا، بىرەر ـ ئــىــكــكى لاپ

ئېتىلماي ئولتۇرۇش تۇگمەيتتى.

—ئىلى دەرياسىدا سۇ ئۈزۈۋاتسام، — دېدى ئۇ بىر سورۇندا، ـ بىر كىت مېنى يۇتۇۋەتتى.

—ھېسامكا ھەي، — دېدى بىر ساددا بالا، — ئىلى دەرياسىدا كىت يوقتۇ؟

— سەن تۇغۇلمىغاندا بولىدىغان، — ھېسام بەقىيت گەپ قىستۇرۇپلا سۆزىنى داۋام ئەتتى، — يۇتۇۋەتتى شۇ، قارايسەنغۇ لەتى؟

—كېيىن قانداق بولدى دەيمىنا؟ — لەتى ئەندىشە قىلغان قىياپەتتە سورىدى.

—چىرايىم سەت بولغاچقا قۇسۇۋەتتى. بولمىسا بۇ يەردە پو ئاتالايتتىمۇ؟

— ئۈرۈمچىگە ئايروپىلانلىق مېڭىپ قالدىم، — دېدى ئۇ بۆلەك بىر سورۇندا، — بۇرۇن ئايروپىلانغا چۈشۈپ باقمايتتىكەنمەن، ماۋۇ ساتتارلار ماختىسا چۈشۈپتىمەن. باياندايدىن ئۆتە ـ ئۆتمەي بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ، زادىلا بولالماي قالدىم. بىر قارىسام لوسىگۇڭغا كېلىپ قاپتىمەن. چىدىمىدىم:

—ھەي لىيۇتچىك، ئايروپىلانىڭنى يولنىڭ چېتىدىرەك توختىتە، چۈشۈپ قالىمەن، — دېدىم.

—توختاتتىما؟ —دېدى بىر تارانچى.

—روزى، ھېلىمۇ ئادەم چېلىۋاتىسىنا؟ — ھېسام گەپنى ئەپقاچتى.

— ھەي ھېسامكا، — دېدى بىر ياش چاقچاقچى ئىلماقچى بولۇپ، —ئايروپىلانمۇ مۇشۇ لوسىگۇڭنىڭ يولىدا ماڭامدىكەن؟

ھېسام كېرىلىپ قويدى.

— ھە، شاۋكەت، بىلمىگەن يەرلىرىڭ بولسا مۇنداق سوراپ تۇر. يېڭى يول پۈتمىگەچكە، ۋاقتىلىق مېڭىۋاتىدۇ.

كىشىلەر باشلىرىنى چايقاپ، تىللىرىنى چاكىلدىتىپ كۈلۈشمەكتىدى. ھېسامغا ئامال يوقتە!

يەنە بىر سورۇندا ھېسام تەلەپلەرگە بىنائەن مۇنداق بىر لاپنى سۆزلىدى:

—يەنە ئايروپىلاننىڭ گېپى چىقىپ قالدى. جېلىلىيۈزىدىكى ھاسان نوچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانغۇ سىلەر؟ ھە، شۇنىڭ لىيۇتچىك ۋاقتىلىرى ئىدى. بىر كۈنى تۇرپانيۈزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە قونالغۇغا چىقىپ، ئەتىسى جېلىلىيۈزى تەرەپكە ئۆتۈپ قالدى. قارىسام ھاسان غۇڭلا قىلىپ بىر ئاختاملىقتىن چىقىپ قالدى.

—ھېسامكا، ئايروپىلانغا ئاختاملىقتا نېمە بار؟

—ئىلگىرى ـ كېيىن دۆت نېمىكەنسەن ئاۋاكرى، سەرا يېرىدە ئايرودروم بولمىسا، كەڭ ـ كۇشادە، تۈز ئاختامغا قونامدۇ!

—مۇنداق دە! —دېدى ئاۋاكرى پىخىلداپ كۈلۈپ.

ھېسام لاپنى داۋام قىلدى:

—ئادەمنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىشمىغىنىا ھەرقايسىڭ، نەگە كەلگەندىما؟ ھە، شۇنىڭ بىلەن ھاسان غۇڭلا قىلىپ بىر ئاختاملىقتىن ئايروپىلاننىڭ قاناتلىرىنى لەپەڭشىتىپ چىقىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپ دەررۇ ئايروپىلاننى تورمۇز قىلدى. كابىنكىدىنلا قولىنى چىقىرىپ كۆرۈشتى.

خېلى ئۇزۇن ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق.

— ھە، ھېسام پوچى، بىز تەرەپلەرگە كېلىپ قاپسەن، ھاۋانى بىر كۆرستەيما؟ — دېدى ھاسان نوچى كېيىن. بۇ گەپ ماڭىمۇ خۇشياقتى. لىكلا قىلىپ كابىنكىغا چىقىۋالدىم.

ئايروپىلان دېگەننى كىنولاردىن كۆرگەن بىز، قالتىس چوڭ بولىدىغان، ھاساننىڭ ئايروپىلانى بۆدۈنىدەك گىدىككىنىلا ئىكەن. تۇرۇپلا قورقتۇم.

— ھەي ھاسان نوچى، مۇشۇ نېمەڭ ئىككىمىزنى كۆتۈرەلەرما؟—دېدىم.

— خاتىرجەم بوله، — دېدى ھاسان، — بىر مەلىنىڭ ئۆششاق بالىسىنى سېلىپ ئوينىتقان مەن بۇنىڭغا!

— مەن يەنە بىر نېمە دەي دېگۈچە ھاسان ھاۋا كۆككىسىنى ئاسمانغا تېخىمۇ ئاچقىپ كەتتى. بىز تۇرغان تۇرپانيۈزىلەر پۈرچاقتەك كۆرۈندى جۇمۇ!

— پەسكە قارىغانسېرى كۆڭلۈم غىلغىپ، يۈرىكىم پوكۇلداپ سىلىۋاتامدا، قارىسام ئىككى قېتىم بۇلۇتقا ئۇسۇۋالدۇق.

— بولدى ھاسان نوچى، شەھەردە خوتۇن قالغان، تۇل بوپقالمىسۇن، يەرگە قونايلى، — دېدىم. بەدىنىم تەردىن ھۆل.

—ئەمسە خوتۇنىڭنى بىر كۆرسىتىپ قوياي جۇمۇ ھېسام نوچى، —دەپلا ھاسان ئايروپىلاننى غۇيۇلدىتىپ ئېلىپ كەتتى.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا بىر يەرلەرگە كېلىپ قالدۇق. ھاسان ئايروپىلاننى شارتتىدە پەسلەتتى. قارىسام بىزنىڭ ئوردا مەلە. ئايروپىلان يەنە پەسلىدى. قارىسام بىزنىڭ ئۆي. سائادەتنىڭ ماخمۇتقا ئېغىر ئاياغ چاغلىرى. ھويلىدا ئىرغاڭلاپ يۈرۈپ ئارغامچىغا كىر يېيىۋاتقانىكەن. ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا قاراپلا مېنى كۆرۈپ قالدى:

— ۋاي ھېسام، نەلەردە يۈرىسىز مېنى بۇ ھالىتىمدە يالغۇز تاشلاپ، ئۆيدە بىر چىمدىم ئۇن يوق! — دەپ ۋارقىرىدى.

—بىلىم تاسمىدا باغلاقلىق، قانداق چۈشىمەن، —دېدىم مەنمۇ خۇپسەنلىك قىلىپ.

—تىك ئۇچاركەندە ـ ھە، ھېسامكا؟

—سائادەت بىلەن مۇڭدىشىۋالغۇچە ھويلاڭنىڭ ئاسمىنىدا توختاپ بەردى دېگىن!

ھېسام ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك گېپىنى داۋام قىلماقتىدى:

—ئەمىسە پۇل تاشلىۋېتىپ كېتىلى، سىز كەلگىچە ئاش ئەتكەچ تۇراي،—دېدى سائادەت ئىككى قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ تەگلەپ.

—ئايروپىلانىڭنى يەنە ئازراق پەسلىتە، — دېدىم. هاسان نوچى ئايروپىلانىنى ئۆگزە بويى پەسلەتتى. يانچۇقۇمدىن بەش سوم ئالدىم ـ دە:

—ئەمەت قاسساپتىن گۆش ئالغا، ساپلا ئۇستىخان بېرىدۇ!— دەپلا، پۇلنى تاشلاپ بېرىپ، غارىردە ئۆتۈپ كەتتۇق.

كۆلكىلەر ئارىسىدا ياشلاردىن يەنە بىرى سورىدى. بەلكىم ئوردا مەھەللىلىك بولسا كېرەك.

—هېسامكا ۋاي، نەدە سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ كىر يايغۇدەك هويلىسى بار؟

هېسام گەپ قىلغۇچىغا قارىماي‌لا غودۇڭشىدى:

—هازىرقى شۇملارنىڭ هەممىسى يېتىم ئاقساقالدە! هەي روزى، «كەلسەڭ ئەگەر» گە چالە!

هېسام قۇربانىنىڭ لاپلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە. ئۇ لاپ ئېيتقاندا تېخىمۇ تەبىئىيلىشىپ كېتىدۇ، زورۇقمايدۇ، كاتتا ئىشلاردىن ئەمەس، ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن لاپ يايىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىڭ لاپلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىڭ.

يەنە ئاڭلايتتۇق دەمسىز؟ خوپ، ئەمىسە هېسامنىڭ قىسقا ـ قىسقا لاپلىرىدىن يەنە بىر يۈرۈش كەلتۈرەيلى:

▲ هېسام بىلەن پو ئېتىشماقچى بولغان ئاغىنىسى كىشىلەر ئارىسىدا بىرهازا پو ئاتقاندىن كېيىن:

—هېسام، نۆۋەت ساڭا كەلدى، قېنى، ئاتە پويىڭنى! — دەپتۇ.

—بۇ يەردە پو ئېتىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ هېسام.

—كىشىلەر ئالدىدا مات بولۇپ قېلىشتىن قورقۇۋېتىپسەندە! ـ دېدى ئاغىنىسى كۆرەڭلەپ.

—يوغسۇ، — دەپتۇ هېسام، — ئاتساق ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئاتايلى، بۇ سورۇندا پو ئاتسام نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

▲ بىر سورۇندا بىر مەهەللىنىڭ چاقچاقچى يىگىتلىرى هەرقانچە بىرلىشىپمۇ، هېسامغا تەڭ كېلەلمەپتۇ.

—هېسامكا، بۇگۈن بۆلەكچىلىغۇ سەن، — دەپتۇ بىر چاقچاقچى، —زادىلا يانمايسەنا؟

—هەرقايسىڭ يېقىن كېلىشمە، — دەپتۇ شۇ چاغدا هېسام، ئاكاڭ قارىغاي بۇگۈن گاۋياشىيەن، هەرقاندىقىڭ تۇتتۇڭ ئۆلىسەن!

▲ ئۆمرىدە ملتىق تۇتۇپ باقمىغان بىر پوچى كىشىلەرگە پو ئېيتىپ بېرىپتۇ:

—بىز هەربىي بولغاندا، يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرغان جەڭلەرگە قاتناشقان بىز. بىر كۈنى كېچىسى كېتىپ بارسام، بىر ئوق ئۇدۇلىمدىن ۋىڭىلداپ، ئوت بولۇپ يېنىپ كەلدى ـ دە، تاق ماڭلىيىمغا تەگدى جۇمۇڭ! هېلىمۇ ياخشى، بېشىمدا پولات قالپاق باردى، ئوق قاڭقىپ يېنىپ، نېرىدىكى تامغا تەگدى....

—راست دەيسىز، — دەپتۇ توپ ئىچىدە ئاڭلاپ تۇرغان هېسام گەپنى بۆلۈپ، — سىز دېگەن شۇ ئوقنىڭ ئۇچىدىكى ئوتتا مەن موخوركا تۇتاشتۇرۇۋالغانىدىم.

گەپنىڭ مەنىسىگە يەتكەن پوچى قايتا ئۈن چىقارماپتۇ.

▲ ئولتۇرۇشتا يەنە بىرەيلەن پو ئاتتى:

—تونۇگۈن قۇدىلارنى قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن چاقىرىۋالغانىدىم، يا ئاللا، بىزنىڭ خوتۇنىمۇ يامان بەدخەج! داستىخانغا تىزغان مەزەلىرىنىڭ تولىلىقىدىن ئىككى تەرەپتىكى مېھمانلار بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي قالدى.

—بەزىدە شۇنداق بوپقالىدىكەن، —دېدى هېسامىمۇ نۆۋىتەـ دە،—ئۆتكەندە مەنمۇ بىر جامائەتنى چاقىرىۋالدىم، پولونى ئۈزۈم ئەتكەنىدىم، يائاللا، تاماقتىن كېيىن مېهمانلار هويلىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭدە قوللىرىنى چايقىشىۋېدى، ئاڭلىسام تۆۋەن مەللىگە نەچچە كۈن ماي ئېقىپتۇ.

▲ يەنە شۇ ماينىڭ گېپى چىقىپ قېلىپ، مەهەللىدىكى بىر ماختانچاق كىشى خەقلەرگە قېقىتىپ ماختىنىپتۇ:

— پاھ، پاھ، بايلا ئۆيدە كېلىشتۈرۈپ پولو يەپتىكەنمەن، مەيدەمنى خويما بىئارام قىلىۋاتىدۇ دېسە!

—راست دەيسىز، — دەپتۇ ئۇنىڭ پويىدىن غىجىقى كەلگەن هېسام،—ئايدا، يىلدا بىر يېگەچكە شۇنداق قىلىدۇ. بىزدەك كۈندىلا پولۇ يەپ تۇرسىڭىز، هېچقانداق بولمايتتىڭىز!

▲ بىر سۆھبەتتە ياشلار ئايغا چىقىش تېمىسىدا سۆز تالىشىپ قېلىۋېدى، هېسام گەپكە ئارىلاشتى:

—بولدى تالاشماڭلار، ئاي دېگەن نېمە ئۇ، كەلگۈسىدە قۇياشقا چىقىمىز، قۇياشقا!

ياشلاردىن بىرى شۇبهە بىلەن بېشىنى چايقىدى.

—هېسامكا، قۇياشقا چىقساق كۆيىدۇرۇۋېتەر؟

هېسام دەررۇ گەپنى ئوڭشىدى:

—ئاخشىمى چىقىمىزدۇ!

▲—هېسامكا، —دەپ سورىدى بىر يىگىت، — ياش ۋاقىتلىرىڭىزدا تازا كۈچتۈڭگۈر بولغىيدىڭىز ـ هە؟

—ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى هېسام دەرمەھەل، — ئىككى ئاي بۇقىلارغا ئۇسۇشۇشتىن دەرس ئۆتكەنمەن.

ئاپتور: شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە.

①گاۋياشىيەن—يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى.

# «نان» ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە



ئەمەتجان ئابدۇللا

«نان» ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان ئاساسلىق ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىستېمال قىلىش نىسبىتى، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان ئەڭ مۇھىم يېمەكلىكنىڭ بىرىدۇر.

چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قومۇلنىڭ لاپچۇق، قارا دۆۋىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان توقاچ نانلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ نانىنى ئۆز دەۋرىدىلا ئاساسلىق يېمەكلىك سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى، بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىدا قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلىسا؛ ئىككىنچىدىن، ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەپ تۇراقلىق يېمەكلىك ھازىرلاش ئۇسۇلىنى يارىتالىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، نان تەركىبىدە تۇز بولۇپ، تونۇردا بىۋاستە ئوتقا قاقلاپ، سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاق ساقلاش، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، سۇ بولسۇن - بولمىسۇن خالىغانچە يېيىشكە قۇلايلىق، گەرچە گۆش، سۈت - قايماق ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەك - ئىچمىكى بولسىمۇ ئۇنى ئۇزاق ساقلاشقا، جۈملىدىن، خالىغانچە يېيىشكە بولمايتتى. دېمەكچىمىزكى، ئەجدادلىرىمىز بۇ مەسىلىلەرنى نان بىلەن ھەل قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قوشۇمچە يېمەكلىكى سۈت - قايماق، قوي، كالا گۆشى يېغىدىن تاشقىرى، يەنە تۇخۇم، شېكەر، توخۇ، غاز - ئۆردەك، جەرەن، كېيىك، بۇغا - مارال، ئارقار، بۆكەن، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، چىل قاتارلىق ئۇچار قانات، ھايۋانات گۆشلىرى، سەۋزە، چامغۇر، پىياز، سامساق، كاۋا، تۇرۇپ، شوخلا، پىدىگەن مۇچ (لازا)، كۇدە (جۇسەي)، پۇرچاق - ماش قاتارلىق كۆكتاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۈت - قايماق، بولۇپمۇ گۆش، ياغ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز شۇ دەۋردە ئاساسلىقى سۈت - قايماق، گۆش - ياغ بىلەن ئوزۇقلىنىپ كەلگەن، ئەجدادلىرىمىز ئاشلىقنى پىششىقلاپ يېيىش ئۇسۇلىنى تاپقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، نانىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نان ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقىغا ئايلانغان ①. تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، نان

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا يىپەك يولى ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ناننى « 胡饼 » (غوز نېنى) ياكى « 炉饼 » (ئوچاق نېنى) دەپ ئاتىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشچە، نان 1000 يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)دا «نان» توغرىسىدا ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزاھات بېرىلگەن.

ئەتمەك: (نان 1 ـ توم، 138 ـ بەت)، ئەتمەكنى ياغما، تۇخىلار ۋە بەزى ئوغۇز، قىپچاقلار (ئەپمەك) دەپ ئاتىغان (1 ـ توم، 137 ـ بەت).

ئەپەك: بالىلار تىلىدا نان دېمەكتۇر (1 ـ توم، 92 ـ بەت).

پۇسكەچ: كاكچا (1 ـ توم، 590 ـ بەت).

توقۇچ: توقاچ (1 ـ توم، 464 ـ بەت).

چۆرەك: توقاچ (1 ـ توم، 504 ـ بەت).

چوقمىن: ھورنانىنىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سىڭىشلىق بولىدۇ. (1 ـ توم، 578 ـ بەت).

كۆمەچ: كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نان. (1 ـ توم، 467 ـ بەت).

كۆزىمەن: كۆمەچ (1 ـ توم، 579 ـ بەت).

سىنچۇ: گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان. خۇسلىما.

قاتلىما يوغا: قاتلىما، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان. (1 ـ توم، 564 ـ بەت).

قاقورغان: قاتلىما، ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان. (1 ـ توم، 672 ـ بەت).

يوغا قاتلىما نان: (3 ـ توم، 44 ـ بەت).

يارما يوغا: بىر خىل قاتلىما نان. (3 ـ توم، 44 ـ بەت).

ئاۋىزۇرى: بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق (قوشۇقلۇق نان). (1 ـ توم،197 ـ بەت).

پوشكەل: پوشكال، بىر خىل يۇپقانان، خاقانىيە تىلىدا. (1 ـ توم، 628 ـ بەت).

قۇيما: قۇيماق، خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ، قازاندىكى ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ. (3 ـ توم، 239 ـ بەت).

تۇرمەك: تۇرمەل. (1 ـ توم، 622 ـ بەت) ② .

ئومۇمەن، نان «دىۋان»دا «ئەتمەك» (1 ـ توم، 138 ـ بەت) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ ئۇنىڭ «توقۇچ» ـ توقاچ (1 ـ توم، 464 ـ بەت)، «سىنچۇ» خۇدىلىما ياكى گىردە (1 ـ توم، 544 ـ بەت)، «پۇسكەچ» كاكچا (1 ـ توم، 590 ـ بەت) قاتارلىق تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان تۈرى:

«چوقمەن» ھورنانىنىڭ بىر خىلى (1 ـ توم، 578 ـ بەت). «كۆۋشەك» (1 ـ توم، 626 ـ بەت) دېگەن ھوردا يەنى جىمبىل، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان تۈرى. «كۆمەچ» (1 ـ توم، 567 ـ بەت) دېگەن قوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇدىغان تۈرى تونۇشتۇرۇلغان. ھازىرقى نان تۈرىدىن بولغان «ھەمەك» سۆزى «دىۋان» دەۋرىدىكى «ئەتمەك» (نان) سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە»نىڭ «ھە»لىشىدىن كەلگەن. ھازىر جەۋەنىنىڭ بۇغداي، قوناق ئۇنىدىن قىلىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلغان نان تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە ③ . ھازىر ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ماتېرىياللاردا تۈرلەرگە ئايرىلغان نان تۈرلىرىدىن ئۆي نېنى، سىيادانلىق توقاچ، كۈنجۈتلۈك توقاچ، سەپەر توقچى، توي نېنى، توقاچ، سۈتلۈك توقاچ، گۆشنان، جىگىردەكلىك نان، قاتلىما نان، جىرىس نان، زاغرانان، جىگىردەكلىك زاغرا، سۈتلۈك زاغرا، كۆممىقوناق زاغرىسى، سۆك نان، ياڭيۇ نېنى، كاۋا نېنى، تاتلىقياڭيۇ نېنى، سەۋزە نېنى، قىزىلچا نېنى، قوشۇقلۇق نان، ئۈزۈم نېنى، مۇنار نان، كۆمەچ، كۆمەچ گۆش نان، كۆممە قاتنان قوقاس كۆمچى، قوقاس پېتىر كۆمچى، تاۋا چوڭ نېنى، شېكەر توقاچ، ماي توقاچ، گۆش قىيمىلىق قاتلىما توقاچ، گۆش گىردە، تاۋا توقچى، چۇرۇك قاتلىما توقچى، قىيمىلىق تاۋا نېنى، يۆگەلمە شېكەرنان، قاتلىما يۇتازا، كاكچا نان، پېتىرنان، گىردە نان، رامان نان، ھەمەك نان، تاغ نېنى ... قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغاندىن باشقا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ يەرلىك نامىغا، ئىستېمال ئادىتى، شارائىتىغا ئاساسەن، تەدرىجىي ھالدا بارلىققا كېلىپ مۇكەممەللەشكەن يەرلىك نان تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا تەييارلىنىش قائىدىسى، شەكلى، ئوزۇقلۇق قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئالاھىدىلىككە ئىگە. «دىۋان» دەۋرىدىن

كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا، نان تۈرىگە گۆش نان، گىردە، گۆش گىردە، شىرمان نان، خۇيىلى، پوشكال، قۇيماق، ساڭزا، قىيىقچا قاتارلىقلارمۇ قوشۇلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «دىۋان»دا، ناننىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە «توقۇچ (توقاچ) دېگەن سۆزلەم بېرىلىپ ئۇ «توق سۆزىدىن ياسالغان، چۈنكى ئۇ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» دەپ ئالاھىدە تەرىپلىنىش بىلەن نان توقاچنى كۆركەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈكۈچ (چەككۈچ) ئىشلىتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. «توقاچ» بىلەن «تۈكۈچ» سۆزى بۈگۈنگە قەدەر ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلمەكتە. توقاچ ناننىڭ ئەلا سۈپەتلىك تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ خېمىرى بەلگىلىك نىسبەت بويىچە سۇ، سۈت، ماي، تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ. تېخىمۇ مەززىلىك بولسۇن ئۈچۈن ئىچىگە يەنە سىيادانمۇ سېلىنىدۇ. نان ئاساسەن بۇغداي ۋە قوناق ئۇنىدىن هازىرلانغان بولغاچقا «بۇغداي»، «قوناق نان» دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. قوناق نان «زاغرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇغداي نان قوناق نېنىغا قارىغاندا يۇمشاق، مەززىلىك، يېپىشلىق كېلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ئېغىزىنىڭ يۇمشاق ـ قاتتىقلىقى، بۇغدايغا تەقلىد قىلىنىپ «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېيىلىدۇ. «دىۋان»دا يەنە شۇ يېمەكلىكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى، گۆش، ماي، شېكەر، سۈت، بۇغداي، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ بىرىكمىسىدىن هازىرلىنىدىغانلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ يېمەكلىكلەر ئىچىدە نان، كاۋاپ، سۇيۇقئاش، هېسىپ، قېزا، چۆپ، تۈرمەل قاتارلىقلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. قالغانلىرىنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى ئۇنتۇلغان (ئۇنتۇلغانلىرى بەزى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ قېلىنغان بولۇشى مۇمكىن). ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرى ئەڭ دەسلەپ قوقاس، قوغدا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان، كېيىنچە تونۇر، كۆمەچدان، تاۋا ۋە جىمبىل قازاندا پىشۇرۇلىدىغان بولغان. مۇشۇنداق پىشۇرۇلۇش ئۇسۇللىرى هازىرمۇ ئەينەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە تونۇر بىردىنبىر ئالاھىدە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ. بۇ خىل تېخنىكىلىق قانۇنىيەت تونۇرنىڭ ئاستىنىڭ ھەممە تەرىپى مەركىزىي نۇقتىغا تەڭ بولغان چەمبىرەك شەكلىدە بولۇشىدا ۋە شۇ ئاساسقا تەكشى نىسبەتتە گۈمبەز شەكلىگە ئوخشاش كېمەرلىپ ياسىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مۇشۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا تونۇر تەكشى قىزىمايدىغان، نان تەكشى، سۈپەتلىك پىشمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. تونۇر ئادەتتە شور ۋە تۇز، يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن سېغىز لايدا ياسىلىدۇ. شوردا ياساشتا ئالدى بىلەن نەم توپىدا قېلىپ ياسىلىدۇ. ئاندىن شور كومىلاچ قىلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ. ئاندىن شاخ ـ شۇمبا، چاۋار، سامان بىلەن ئىس سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغاندا قېپقالغان توپا قىرىپ تاشلىنىدۇ. سېغىز لايدا ياسالغان تونۇر لايىنى مەلۇم توملۇقتا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن يۇمىلاقلاپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە قوندۇرۇپ چاپلىنىپ ياسىلىدۇ، ئىچىگە قېلىپ قىلىنمايدۇ. هازىر شۇ خىل قائىدە، ئىسلاهاتلار ئاساسىدا خىشتىن ياسالغان سۈپەتلىك تونۇر كەڭ تۈردە ئومۇملاشماقتا.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز ناننى تەبىركلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان. بۇ «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقالىدە ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەجدادلىرىمىز يەنە ئىككى تەرەپنىڭ ھەق ـ ناھەق، راست ـ يالغان تالىشىشىدا ناننى قەسەم ئىچىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىراقتىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تەبىركلىك نىشان سۈپىتىدە مەخسۇس توقاچ خالتا قىلىش، سەپەرگە چىققاندا نان يوللۇق تۇتۇش ئادىتى ۋە زىياپەت، مېهماندارچىلىقتا مېهمانلارغا ئالدى بىلەن توقاچ، چاي قۇيۇش ئادىتىمۇ ناننى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. دېمەك، ناندىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىمىز ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ تۆپ يادروسى سۈپىتىدە ئۆز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا.

ئىزاھاتلار: ①، ③ ئابدۇرېھىم ھەببۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 2 ـ نەشرى.

② ئىسرايىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەيرىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

ئاپتور: «شىنجاڭ مىراج يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىسى.



# لۇكچۇن خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى

ئېلى مۇھەممەت

لۇكچۇن ـ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان «ئوتتۇز ئالتە بەگلىك»نىڭ بىرى بولغان «خۇ بەگلىكى»، « 胡 » نىڭ ئاستانىسى بولغان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى بۇ يۇرتتا ياشلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىگە چەك قويۇلۇپ، فېئودالىزملىق نىكاھ قائىدىسى بويىچە قىزلار 13 ـ 14 ياشلىرىدا، ئوغۇللار 15 ـ 16 ياشلىرىدا توي قىلىش ئەنئەنىگە ئايلانغان بولۇپ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويى ئاساسەن شۇ دەۋردىكى زوراۋان سىنىپلار، بەگ غوجاملار ۋە سوپى ـ ئىشانلارنىڭ بىر ياقلىق قىلىشى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىناتتى. نەتىجىدە لۇكچۇن رايونىدا پاك مۇھەببەت ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى قۇربان قىلغان ۋىجدانلىق قىز ـ يىگىتلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق فېئودالىق نىكاھ قائىدىسى ئۈستىدىن قۇتۇلۇش يولىدا كۈرەشلەر ئېلىپ بارغان. بۇنىڭغا 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋە ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن لۇكچۇن ۋاڭى يۇنۇس بەگنىڭ قىزى كەڭكىسخان بىلەن بەشتاملىق نامرات يىگىت مېيىنخانلارنىڭ ۋە جېلىل بىلەن ئانانۇرخانلارنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى مىسال بولالايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن لۇكچۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ توي ئىشلىرى ئىزىغا چۈشۈپ، قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ياش قۇرامى جەھەتتىمۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ياش ئۆلچىمى بويىچە بېكىتىلىدىغان بولدى.

ئەينى زامانلاردا توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن يىگىت كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا ئاتىسىنىڭ كالىچىنىڭ (ئايغىنىنىڭ) ئىچىگە سۇ قۇيۇپ قويۇش ياكى بىر باش سەۋزە تىقىپ قويۇش ۋە ياكى ئۆينىڭ ئالدىدىكى تونۇرنى بۇزۇش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدىكەن. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بۇنداق ئەھۋالنى سەزگەن ھامان تۈككەن تۈگۈچىنى تۈگۈپ، توي تەييارلىقىغا تەرەددۇت قىلىدىكەن. ھازىر بولسا ئوغۇللار توي قىلىدىغان لايىقى بىلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن يېقىن ئۆتىدىغان دوستلىرى ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىغا يەتكۈزىدىغان بولدى.

قىز بىلەن يىگىت پۈتۈشكەندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ، ئەلچى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق

ئۇلارنى قايىل قىلغاندىن كېيىن بىرەر قۇتلۇق كۈننى تاللاپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. مانا بۇ «ماقۇل ـ تەزىم» دەپ ئاتىلىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ماقۇل ـ تەزىمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئارىدىن بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتۈپ يەنە بارىدۇ، بۇ «چوڭ تەزىم» دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ تەزىمگە بارغان كۈنى تەزىمگە بارغان ئادەملەر سانى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. ئەلۋەتتە ھەر قېتىملىق تەزىمگە بارغاندا پۇل ـ پىچەك، رەخت ۋە قوي قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارىدۇ. چوڭ تەزىمگە ئېلىپ بارىدىغان تويلۇق ئالدىنقى تەزىملەرگە قارىغاندا بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تەزىملەر تۈگىگەندىن كېيىن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، تويلۇق سېلىش ئۈچۈن بارىدۇ. بۇ «كىچىك توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇراسىمغا ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە، يار ـ بۇرادەرلەر ۋە ئىككى تەرەپنىڭ مەھەللىسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام ـ مەزىنلىرى قاتنىشىدۇ. تويلۇقلارنى تەيىن تاپقۇزۇپ، ئىككى تەرەپ تولۇق رازى بولغاندىن كېيىن قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ توي كۈننى بېكىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىدۇ.

### توي مەرىكىسى

ئادەتتە لۈكچۈننىڭ توي ئادەتلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۈچ كۈن توي بولىدۇ. بۇ يەردە قەيت قىلىدىغىنىمىز لۈكچۈننىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادىتى.

(1) تويغا چىللاش

توي باشلاشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يىگىت بىر قانچە ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئاتلىق مەھەللىمۇ مەھەللە تويغا چىللايدۇ. بۇنىڭدا يىگىت بىلەن يىگىت مىنگەن ئات ئالاھىدە جابدۇلىدۇ. بۇنىڭدىن ئەھلى مەھەللە تويى بولىدىغان يىگىتنى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ.

(2) توي باشلاش

توي باشلاش، ئۈچ كۈنلۈك تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن بولۇپ، بۇ كۈنى ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان يار ـ بۇرادەرلەر توي ئىگىلىرىنى مۇبارەكلەپ كېلىشىدۇ. توي ئىگىلىرى مېھمانلارغا يارىشا داستىخان سالىدۇ. ئۇ ئاخشىمى يەنە توي ئىگىلىرى خەلق ئىچىدىكى ھېپىزلارنى تەكلىپ قىلىپ، توي مەشرىپى ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەشرەپتە لۈكچۈننىڭ يەرلىك خەلق ناخشىلىرىدىن «يەل» ناخشىسى ئېيتىلىدۇ. يەل ناخشىسى مەزمۇن جەھەتتىن تويىنى مۇبارەكلەش ئاساسىي تېما قىلىنغان بولغاچقا، بۇ كۈنگە بەك ماس كېلىدۇ.

(3) نىكاھ توي كۈنى

بۇگۈن ئەتىسى سەھەردە ناغرا ـ سۇناي بىلەن سابا مۇقامى ئورۇندىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق يۇرت ئەھلىگە توي بولىدىغانلىقى جاكارلىنىدۇ. ئەتىگەندە ئىككى تەرەپنىڭ مەھەللىسىدىكى جامائەتلەر ئىمام، مەزىن باشچىلىقىدا توي ئىگىلىرىگە توي پەتىسى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئۆيىدە نىكاھ ئوقۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. نىكاھ ئوقۇش ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىي شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن تارتىپ كۈن قىيىلىپ چۈش بولغىچە قىز كۆچۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىدۇ. ئاندىن يىگىت تەرەپ «يەل» ناخشىسىنى ناغرا ـ سۇناي بىلەن چېلىپ قىز كۆچۈرۈشكە ماڭىدۇ (ئەينى زاماندا قىز كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ ئات ھارۋىسى ئىشلىتىلەتتى. يىگىت بولسا ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئاتلىق ماڭاتتى) قىز كۆچۈرۈشكە ماڭغانلار قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئازراق ناغرا ـ سۇناي مەشرىپى (20 مىنۇت ئەتراپىدا) قىلغاندىن كېيىن قىز تەرەپ مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىدۇ، مېھمانلارغا داستىخان سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ساندۇق ئېچىلىپ، تويلۇق بۇيۇملار تەيىن تاپقۇزۇلىدۇ. ئاندىن قىزنى كۆچۈرۈپ مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى، قىز توي باشلانغان كۈندىن باشلاپ باشقا ئۆيدە (دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە) كۈتۈلىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغۇچە يىگىت تەرەپنىڭ ئايال ۋەكىللىرى قىزغا ئالاھىدە تەييارلانغان كىيىمنى ئېلىپ، قىز تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىرىدۇ ۋە قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ناغرا ـ سۇنايچىلار دالان مۇقامىغا چالىدۇ. كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قىزنى باشلاپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىدۇ ھەم ئاتا ـ ئانىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، قىز يەڭگىلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان ھارۋىغا چىقىرىلىدۇ. قىز ھارۋىغا چىققان ھامان ناغرا ـ سۇناي تېرىققا چېلىنىدۇ. ھارۋىلار يولغا چىقىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە

ناغرا ـ سۇناي چېلىنىپ يىگىت مەھەللىسىگە قاراپ ماڭ-
دۇ. بۇ جەرياندا يىگىت تەرەپنىڭ كۆڭلى يېقىن ئەل ـ
ئاغىنىلىرى يولدا تويىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۆزىنىڭ توي
ئىگىسىگە ئاتىغان تويلۇق سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ.
مانا بۇ «چارچاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. توي مەھەللە ئىچىگە
كىرگەندە مەھەللىدىكى قوشنا ـ قولۇم، يار ـ بۇرادەرلەر
توي ئالدىنى ئىككى ـ ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان رەخت
بىلەن توسايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ـ تۆت قىز ـ يىگىت
ئۇسسۇل ئويناپ ئۇلارنى رازى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن
بۇ رەختنى توي ئىگىلىرىگە تەقدىم قىلىدۇ. مۇشۇ تە-
رىقىدە يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە ئالدىن تەييارلانغان يەتتە ـ توققۇز نەپەرگىچە
خەلق سەنئەتكارى قوللىرىغا داپ ئېلىپ «تېرىق»
ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يىگىت بېشىغا داستا كې-
يىپ قولىدىشى بىلەن ھېيىزلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ
(ھازىر بولسا قىز يىگىت قولداشلىرى بىلەن بىرلىكتە
ئولتۇرىدۇ). تېرىق ئېيتىلىۋاتقاندا يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانى-
لىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە ئەل ئاغىنىلىرى بىر ـ -
بىرلەپ يىگىتنى مۇبارەكلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاتىغان
تويلۇق سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئەگەر يىگىتنىڭ
ئىنىسى بار بولسا بىر لىگەنگە ئۈستىرا تەييارلاپ يى-
گىتنىڭ بېشىدىن داستانى ئېلىپ كەينىگە قارىتىپ ئۇس-
تىرىنى ئۈچ قېتىم سۈركەيدۇ. مانا بۇ «لاتا قۇبا ئۆت-
كۈزۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، توي قىلىش نۆۋىتىنىڭ
ئىنىسىغا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك
ئالدىدىكى پائالىيەت ئاخىرلىشىپ، قىز ـ يىگىتلەر ۋە
ئەھلى جامائەت بەلگىلەنگەن ئۆيلەرگە كىرىپ كېتىشىدۇ
ۋە تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە تارقىشىدۇ.

كەچ كىرگەندە ئەھلى جامائەت توي مەشرىپىگە يىغى-
لىشىدۇ. بۇ چاغدا ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ياشلار
ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ناخشا ئېيتىشىپ تويغا كې-
لىشىدۇ. ناخشىنى ئاڭلىغان ئادەم بۇ ناخشىنى ئېيتقۇچى-
لارنىڭ قايسى مەھەللىنىڭ ياشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلە-
لەيدۇ. توي ئەھلى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى
گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يەنى چوڭلار، ياشلار بولۇپ ئىككى
گۇرۇپپا توي مەشرىپى ئۆتكۈزىدۇ. چوڭلار مۇقام
مەشرىپى قىلىدۇ. ياشلار ناغرا ـ سۇناي مەشرىپى قىلى-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۈنلۈك توي ئاخىرلىشىدۇ.

(4) تونۇشۇش مەرىكىسى

ئۈچىنچى كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلار، ئۇ-
رۇق ـ تۇغقانلار يىگىتنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ ئۆزئارا
تونۇشىدۇ. بۇ چاغدا ياشلار بىر ئۆيدە مىلىس مەشرىپى
ئۆتكۈزىدۇ، چوڭلار ئۆزئارا مۇقام مەشرىپىگە قاتنىشىدۇ.
كەچتە ھەممىسى تارقاپ بولغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئەل ـ
ئاغىنىلىرى يىگىتنى ئېلىپ «بىدەت ناخشىسى»نى ئېيتىپ،
يىگىتنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ يەردە
ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدىغىنى، قىز كۆچۈرۈلۈپ
كەلگەندىن تارتىپ يىگىت چوڭ ئۆيگە كىرگەنگە قەدەر،
قىز چوڭ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ھۇجرىغا ھەرگىز كىرمەيدۇ.
يىگىت ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن چوڭ ئۆيگە كىرىپ ئاتا ـ
ئانىسىغا رەھمەت يۇزىسىدىن تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن
كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ كەلگۈسى بەختى
ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن قىزنى قوشۇپ قويىدۇ.
قىز ـ يىگىت ھۇجرىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن توي مە-
رىكىسى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

ئاپتور: لۈكچۈن بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن.

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**



ئانا تىلىڭ

# غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىككىنچى

كارىم دۈيسەنباي ئوغلى

مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە تىل، رايون، تارىخ، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان. ھازىرقى يەر شارىلىشىشنىڭ تېزلىشىشكە ئەگىشىپ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرىلاپ بارماقتا. پۈتۈن يەر شارىدا بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ساياھەت كەسپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى شۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، تۇرار جايى، يېمەك ـ ئىچمەك، ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۈندىلىك پائالىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلار بولماقتا. بۇلار بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى، ئۆز ئېستېتىكىلىق تونۇشىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، شۇ مىللەت ئىگىلىگەن، ئىجاد قىلغان ھۈنەر تېخنىكىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مىللەتنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئالاھىدە مەدەنىيەت بولغانلىقتىن، بۇنى پۈتۈن دۇنيا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» دەپ ئاتىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلماقتا. بۇنى دەسلەپ قولغا ئالغان دۆلەت ياپونىيە بىلەن كورىيە. ياپونىيە 2000 ـ يىلىغىچە 4 دەرىجىگە بۆلۈپ (يېزا ـ قىشلاق، ناھىيە، ئۆلكە، دۆلەت دەرىجىلىك) 8260 تۈرلۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تىزىمغا ئالغان، كورىيىمۇ بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۆزگىچە، ئالاھىدە ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىپ كەلدى. شۇلارنىڭ بىرى تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇشتۇرۇش بولدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزى ۋە يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئارقىلىق كەڭ تارقىتىلىپ كېلىۋاتقان كورىيە فىلىملىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۆزلىرىنىڭ تىپىك ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەقلىدچىلىك ئىدىيىسىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن، ھازىرقى تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈپ، ھازىرقى تۇرمۇشنى ئائىلە ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تولۇق ۋە سىستېمىلىق تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. داچاڭجىن (大长今)، كورىيە تائاملىرىنىڭ ياسىلىش جەريانى، مىللىي كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىنى كەڭ كۆلەملىك ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە مىللىي قەيسەر روھىنى، شەرق ئاياللىرىنىڭ گۈزەل ـ ھۆسن ـ جامالىنى، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ چوڭلارغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا تەربىيىسى، ئەرلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئاياللىرىنىڭ سىپايە ئەخلاقىي مىجەزى قاتارلىق ھەر قانداق كۆرۈنۈش، ھەرىكەت، دىئالوگلاردا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلىرى كورىيىنىڭ بىر قانچە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى جۇڭگوچە دورىگەرلىك، تۈرلۈك ھۆسنخەت، كۇڭزى، مېڭزى تەلىماتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسىگە ئوخشاش دەپ قارايدۇ. قايسى دۆلەتتە بولمىسۇن، كۆرەرمەنلەر شۇنداق قىزىقىپ كۆرىدىغان تېلېۋىزىيە فىلىمنى ئىشلەشكە مەنبە بولغان بۇ زادى قانداق سىر، دېگەن سوئالغا كورىيە، جۇڭگو ئىدىئولوگىيە ـ مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لى جياڭخەي مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «كورىيىنىڭ يەر كۆلىمى كىچىك، تەبىئىي بايلىقى، كان بايلىقلىرى يوقنىڭ ئورنىدا. بىردىنبىر بايلىق ئادەم. پەقەت مۇشۇ ئادەمنىڭ كۈچى ۋە ئەقلىگە تايىنىپ بۇ دۆلەت تەرەققىي قىلدى» دېگەن. ئۇ كىشىنىڭ قارىشىچە كورىيىلىكلەرنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى جۇڭگولۇقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر يېرىم ھەسسە يۇقىرى ئىكەن.

ئەگەر ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش دەم ئالسا دۆلىتى تەرەققىي تاپمايتتى. شۇڭلاشقا كورېيىلىكلەر ئەمگەكنى كۆپ ئىشلىمىسە، ئۇزاق ئىشلىمىسە، تېز ئىشلىمىسە بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز كورېيە فىلىملىرى بولۇپ، مۇھىمى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدۇر.

ب د ت نىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن مەدەنىيەت كومىتېتى 2001-، 2004-، 2005-يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دۆلىتىمىزنىڭ كۇنچۈي دراما سەنئىتى (昆曲)، گۇچىن سەنئىتى (古琴)، شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، موڭغۇللارنىڭ سوزۇپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىلىرى قاتارلىقلارنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزدى.

دۆلىتىمىز 2006-يىلى 6-ئايدا تۇنجى قېتىم دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان 518 تۈرلۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېلان قىلدى. ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇش ئۈچۈن، بۇلارنى تۆۋەندە بىر قانچە تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇلار ئېغىز ئەدەبىياتى 31 تۈر، خەلق مۇزىكىلىرى 72 تۈر، خەلق ئۇسسۇلى 41 تۈر، ئەنئەنىۋى دراما تىياتىرلىرى (戏剧) 92 تۈر، چۈيى سەنئىتى (曲艺) 46تۈر، سېرك ئويۇنى 17 تۈر، خەلق گۈزەل سەنئىتى 51 تۈر، ئەنئەنىۋى قول-ھۈنەرۋەنچىلىك 89 تۈر، خەلق تېبابەت دورىلىرى توققۇز تۈر، ئۆرپ-ئادەت 70 تۈر بولۇپ، بۇنىڭغا شىنجاڭدىن 14 تۈر كىردى. ئۇلار ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچ تۈر (ماناس، جاڭغىر، گېسار)، خەلق مۇزىكىلىرى بىر تۈر (ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، تۇرپان مۇقامى، قومۇل مۇقامى، دولان مۇقامى بولۇپ بۆلۈندۇ). خەلق ئۇسسۇلى بىر تۈر (تاجىك بۈركۈت ئۇسسۇلى)، چۈيى سەنئىتى (曲艺) قازاقلارنىڭ ئايتىش، سېرك ئويۇنى بىر تۈر (ئۇيغۇر دارۋازى)، ئەنئەنىۋى قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈچ تۈر (ئۇيغۇرلارنىڭ كولالچىلىق ھۈنىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىگىز بېسىش، گۈل بېسىش، رەخت بوياش توغراق قوۋزىقىدىن قەغەز ياساش ھۈنىرى، ئۆرپ-ئادەت ئۈچ تۈر (شىۋە مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈش بايرىمى، تاجىك مىللىتىنىڭ سۇ باشلاش يەنە يەر تېرىش بايرىمى، ئۇيغۇرلارنىڭ دولان مەشرىپى).

ئەمدى باشقا ئۆلكىلەردىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلار قاتارىغا كىرگەن، خەلقىمىزگە ئەزەلدىن تونۇش بولغان بۇ تۈرلەرنى دەپ ئۆتسەك ئۇلار ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسە، داستان، تېپىشماقلار، خەلق ناخشىلىرى، دومباق ئۇسسۇلى، ئەجدىھا ئۇسسۇلى، توتى ئۇسسۇلى، تۈرلۈك چاڭچىيلار (ئەنئەنىۋى تىياتىرى سەنئىتى)، سېرك ئويۇنلىرى، چامباشچىلىق، رەسىملەر، ئويمىلار، كەشتىچىلىك، ھەيكەل ياساش، تۈرلۈك ساپال قاچا ياساش، توقۇمىچىلىق، تامچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، قەغەز ئويمىچىلىقى، قولۋاق ياساش، پىچاق ياساش، ھارۋا ياساش، قەلەم-سىياھ ياساش، جۇڭگوچە داۋالاش، يىڭنە سانجىش، زاڭزۇچە داۋالاش، بايراملار (باھار بايرىمى، قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى، قىياق گۈرۈچ بايرىمى، ئالتۇن كۈز بايرىمى، سۇ چېچىش بايرىمى، نادام بايرىمى)، خۇيزۇ، مياۋزۇلار كىيىملىرى... قاتارلىقلار بار. بۇلارنى تىزىپ بىر قۇر دەپ ئۆتكىنىمىز، گەرچە خەلقىمىز ماددىي مىراسلارنى تولۇق ساقلىيالمىغان بولسىمۇ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئالاھىدە باي. بىراق، سانائەتلىشىشنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈشكە باشلىدى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتە، سىياسەتتىن پايدىلىنىپ مىراسلىرىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جاپالىق كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كەلمەكتە. بۇنىڭدا ھۆكۈمەت يېتەكچى بولۇش، پۈتۈن جەمئىيەت تەڭ كۈچ چىقىرىش دېگەن پرىنسىپ بار بولۇپ، بۇ مىراسلارنى تەشكىل، كوللېكتىپ نامىدا ۋە ياكى شەخس نامىدا يۇقىرىغا يوللاشقا بولىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى تارىخىي سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بايرام-مەرىكىلىرى 1250 تۈر ئىكەن. قەغەز ئويما، كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، قونچاق ياساش قاتارلىقلار ئائىلىلەرگە ئومۇملاشقان. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، مال-چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئۈۋچىلىقتىن سودا-سېتىققىچە، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرارجاي، يۈرۈش-تۇرۇشتىن توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىمگىچە، تۇغۇلۇش،

چوڭ بولۇش، ئۆلۈشتىن تەبىئەتكە چوقۇنۇشقىچە، ئاممىۋى ھەرىكەتلەردىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىگىچە، ئېغىز ئەدەبىياتتىن ناخشا ـ مۇزىكا، ھۈنەر، سەنئەت، دراما، سىرك ئويۇنى، قول ھۈنەر، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغىچە بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئىپادىلىنىش شەكلى بار. مانا بۇلارنىڭ ھەر بىر تۈرىنىڭ (كەسپىنىڭ) نەچچە يۈز ھەتتا نەچچە مىڭ تۈرلۈك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولالايدىغانلىقى تەبىئىي.

چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىگە قارىغاندا، دۆلىتىمىزدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئاز دېگەندىمۇ 25 مىڭ تۈر بولالايدىكەن. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، بىزدەك مۇشۇ زامان ھۈنەر كەسىپ مەدەنىيىتى چوڭقۇر تەسىر قىلمىغان مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىراسلىرى نەچچە مىڭ تۈر بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مىراسلار مىللەت، رايون، شۇنداقلا دۆلەت ئاتالايدۇ. كىمنىڭ ھەرىكىتى تېز، تەتقىقاتى تەپسىلىي بولۇپ ئالدىن ئىلتىماس قىلالىسا، شۇنىڭغا تەۋە بولىدىكەن. بۇنىڭغا جانلىق بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەي: «قىياق گۈرۈچ بايرىمى» ( 端午节 ) ئېلىمىزنىڭ 2500 يىللىق تارىخى بار ئەنئەنىۋى بايرىمى. بۇ بايرامنى كورىيە دۆلىتىمۇ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلاردا بۇ بايرامنىڭ 1000 يىللىق تارىخى بار بولۇپ، بۇ بىر مول ـ ھوسۇل تىلەيدىغان ئەنئەنىۋى تىلاۋەت پائالىيىتىكەن. بۇ بايرام ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كورىيىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئون چوڭ بايرىمىنىڭ بىرى بولۇپ بەلگىلەندى. 2003 ـ يىلى ب د ت نىڭ پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت كومىتېتى «قىياق گۈرۈچ بايرىمى»نى كورىيىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى دەپ ئېلان قىلىپ، دۇنيا يۈزلۈك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلار قاتارىغا كىرگۈزدى.

دۆلىتىمىز مۇتەخەسسىسلىرى بۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ بىراق رەت قىلىنغان. سەۋەبى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللەت، رايون، دۆلەت ئاتالايدۇ. كىم بۇرۇن ئىلتىماس قىلسا شۇنىڭكى دېگەن چوڭ پرىنسىپ بار ئىكەن. ئېلىمىزدە بۇ بايرامنىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇش بىلەن بىرگە بۇ بايرامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىزدە. بۇ بايرام دۆلىتىمىز ئارقىلىق باشقا رايونلار ۋە مەملىكەتلەرگە تارقالغان. كورىيىلىكلەر بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلىدۇ. ئۇلار بۇ بايرامنى ئىجادچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ بايرام بىر ئايغا يېقىن داۋاملىشىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەرداشلىق بېرىش، نىقاپ ئۇسسۇلى، چېلىشىش، گۈلەڭگۈچ، ناخشا ئېيتىش، ئۇزاققا يۈگۈرۈش، چامباشچىلىق ھۈنىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى، جۇڭگوچە شاھمات (شياڭچى) مۇسابىقىسى قاتارلىق مىڭدىن ئارتۇق سەنئەت، تەنتەربىيە تۈرلىرى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان، لېكىن دۆلىتىمىزدە پەقەتلا قىياق گۈرۈچنى يېيىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ بايراملىق پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشتىن بىر نەچچە كۈنلۈك سودا ـ سېتىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە نىسبەتەن چوڭ ساۋاق بولدى.

شەھەر قۇرۇلۇشى كەسپىدە فونتامېنتى (ئاساسى) قانچىلىك چوڭقۇر بولسا شۇنچىلىك ئېگىز، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سالغىلى بولىدۇ. يەنى بىنا ئېگىز بولغانسېرى فونتامېنتىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇنىڭ تېگى، تۈرى، كۆلىمى (دائىرىسى)، رولى قانچىلىك يىراقتىن ئىزدىنىپ، شۇ مىللەتنىڭ ھايات پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى قانچىلىك تەپسىلىي بايان قىلىنسا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە دىققەت نەزەرىنى تارتىشتا شۇنچىلىك مۇھىم بولۇپلا قالماي، جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى» بۇنى ئىسپاتلىدى. «مۇقام ئانسامبلى» دۇنيانى ئارىلاپ ئويۇن قويۇپ قايتتى. چەت ئەللىكلەر ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسىمۇ، مۇقامنىڭ ئورۇندىلىشىغا، خاسلىقىغا، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، كىيىم ـ كېچەك، ھەر بىر ھەرىكەت، مۇزىكا، ئۆرپ ـ ئادەت، گۈزەللىك ۋە رەڭدارلىقىغا ھەيران قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا نەزەرىنى مۇقامغا قاراتتى. مۇقام توغرۇلۇق خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلار كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلدى. مۇقام نەزەرىيىسى قېلىپلىشىشقا باشلىدى. مۇقامنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇقامچىلارنى تەربىيىلەش، قوغداش، مۇقام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقىش توغرۇلۇق ئېنىق

مەزمۇنلارمۇ بار. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇقامنىڭ تەسىرى مۇنداق يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇنى تەتقىق قىلىدىغانلار، ئاڭلايدىغانلارنىڭ سانى ھازىرقىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر يولداشلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇنىڭغا مانا بۇنداق يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قارىيالمىغان. ھازىر بولسا مۇقامدىن بىرەر ئارىيە ئورۇندىمىغان سەنئەت كېچىلىكلىرى يوق دېيەرلىك. بۇ بىزگە ناھايىتى ياخشى بىر ئۈلگە بولدى. دۇنيادا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇشۇنداق گۈللىنىۋاتقان چاغدا «ئاقىندار ئايتىشى»مىز ئەمدىلا مەملىكەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ «قازاق ئايتىشى» بولۇپ قوبۇل قىلىندى. يەنى بۇ ئىككى ئاقىننىڭ ئايتىشمۇ چوڭ بىر نەتىجە بولدى. بۇنىڭدىن سىرت بۇنىڭغا بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. بىز ھازىرچە بۇلارنى «ئاقىنلار ئايتىشى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ تولۇقلاپ كېلىۋاتىمىز. ئاقىنلار ئايتىشى قۇياش سىستېمىسىغا ئوخشايدۇ. پلانېتلار قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ ۋە بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چەمبەر شەكلىدە، بەزىلىرى ئېللىپس شەكلىدە ئايلىنىدۇ. شۇ قائىدىگە ئوخشاش «ئاقىنلار ئايتىشى»مۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىز بۇ يەردە ئايتىشنى مەركەز (قۇياش) دېسەك، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ھۈنىرى (ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا)، مىللىي كىيىم-كېچەك، كىگىز ئۆي، مىللىي تەنتەربىيە، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مىللىي تائاملار ۋە مۇشۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەرنى، قۇياشنى مەركەز قىلىدىغان پلانېتلارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. خۇددى قۇياشتىن يىراقلىساق توڭلايسەن، يېقىنلىساڭ كۆيىسەن دېگەندەك قانۇنىيەت بولغانغا ئوخشاش، ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە رولى، ئورنى، ئۆزىگە خاس تەبىئىي قانۇنىيىتى بار. بۇ ئارىلىقنى ئۇزارتىشقىمۇ، كېمەيتىشكىمۇ بولمايدۇ. ھازىر يېڭى پلانېتلار پەيدا بولۇشقا باشلىغاندەك ئۇلارمۇ كۆپىيىدۇ، تولۇقلىنىدۇ. شۇڭا ئاقىنلار ئايتىشىنىڭ يۈكى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئېتنوگرافىيە-ئىجتىمائىي پەن. ئۇ بەلگىلىك بىر دەۋردىكى مىللەتنىڭ ياكى قوۋمنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى ۋە شۇ ئارقىلىق شەكىللەنگەن دۇنيا قارىشىنى، قىممەت قارىشىنى، مەدەنىيىتىنى، پسىخولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ، بۇ بىر ئەنئەنىۋى كۆز قاراش. ھازىر بۇنىڭ ئىپادىلەش، تەتقىق قىلىش شەكلى كۆپەيدى. شۇلارنىڭ بىرسى ئېتنوگرافىيىلىك فوتو سۈرەتچىلەر قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، بۇ تىل، ۋاقىت، ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ھەم بىۋاستە، ھەم تېز، ھەم ئۆز قېلىپىدا كۆپ تىلدا بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىنالايدۇ. ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. مىللەت، رايون، دۆلەت ھالقىپ كېلىۋاتقان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن بۇ ھەم بىر خۇشاللىق، ھەم بىر ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك مىللەتلىرىنىڭ كىگىز ئۆيى پۈتۈنلۈك تەرەپتىن ئوخشايدۇ. سىرماق قىرغىزلاردىمۇ بار، تىكمەت ئۇيغۇرلاردىمۇ بار (بۇ دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مىراس بولدى)، ئوغلاق تارتىشىنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ۋە بىر قىسىم باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئوينايدۇ. گۆش، سۈت تائاملىرى، مىللىي تەنتەربىيىلەر، بەزى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىمۇ ئوخشاش. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈپ يىلتىزى بىر بولۇپ، بۇلار دەل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتۇر. بۇلار پۈتۈن سىستېما بويىچە (يەنى ئاقىنلار ئايتىش سىستېمىسى بويىچە) تەشۋىق قىلىنسا نۇر ئۈستىگە نۇر چاچقاندەك بولىدۇ. ئەمما ھەر بىرى يەككە ھالدا تەشۋىق قىلىنسا خەۋپ بولىدۇ. بۇلار ئاقىنلار ئايتىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلسا، پەقەت قازاق مىللىتىنىڭ دەپ چۈشىنىدۇ. بولمىسا ئايرىپ چىقىش قىيىن. چۈنكى بارلىق ئورۇنلار ئۆز قوۋمىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قوغداشقا باشلىدى. بىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز مۇقام دەرىجىسىگە يەتكەن يوق. كورىيىدەك داچاڭجىن « 大长今 » «خۇشاللىققا تولغان كۈنلەر»گە ئوخشاش تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلەش، تەشۋىق قىلىش قۇۋۋىتىمىز يوق. شۇڭلاشقا ئاقىنلار ئايتىشىنى مەركەز قىلىپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى تەشۋىق قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق بىزنىڭكى دېيىشتىنمۇ چوڭ ئامال-چارە يوق. بۇ ئىگە بولۇش بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ

قىسقا ھەم بىۋاسىتە يولى. ئادەتتە سەھرادىكى ئاقىنلار ئايتىشىغا بارىدىغانلارنىڭ % 60 تىن يۇقىرىسى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بارىدۇ. ھەر ئون ئادەمنىڭ بىرسىدە فوتو ئاپپاراتى بار. ئۇلار بۇ تارتقان سۈرەتلەرنى ئۇزاق ساقلايدۇ، شۇنداقلا ھەر بىر كۆرگىنىدە شۇ چاغلارنى ئەسلىشىدۇ. لېكىن شۇ جايدىكىلەرنىڭ (قازاقلارنىڭ) كۆپىنچىسى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تولۇق بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ تۇرمۇش كۆپچىلىكتىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. خەلقىمىز مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كۆپىنچىسى قەغەز يۈزىدىلا قالدۇ. شۇڭلاشقا بۇ پائالىيەت ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە ئۆگىتىشنىڭمۇ مەكتىپى.

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەدەنىيەت ئىقتىسادنىڭ جېنى، ھەققىتى، يۇمشاق دېتالى. ئىقتىساد بولسا مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى، قاتتىق دېتالى. مەدەنىيەت ئىگىلىكى ـ مەدەنىيەتنى ئىقتىسادلاشتۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنى مەدەنىيەتلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى بىلەن رولى كۈندىن كۈنگە كۆرۈنەرلىك بولماقتا. لېكىن بىزنىڭ ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىمىز كەينىدە قالدى، ئۇنىڭ جانلىق مىسالى بىز يازغۇچى، شائىرلارغا ئىجادىيەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاتقا مىنگۈزۈپ، تون كىيگۈزگەن بىلەن ئىلىم ـ پەن خادىملىرىغا مۇنداق ھۆرمەتلىرىمىزنى كۆرسىتىپ باقمىدۇق. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى سەنئەتكارلارنى كۆپلەپ تونۇشتۇرغان بىلەن ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى ئىنتايىن ئاز تونۇشتۇردى. بۇنىڭ ئۆزى بىزدىكى ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ بىر مۇرەككەپ ئۇقۇم.

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوللىرى كۆپ، ئەڭ ئاساسلىقى ئادەم. ئادەملەرنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى ئاساسلىق بىر تەرەپ ساياھەت. ساياھەت ئۇ تەبىئىي ھەم بىر مەدەنىيەت بايلىقى. ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تىرەك قىلىدۇ. بۇ پۈتۈن يەر شارىلىق قائىدە، بىزدە بۇنىڭ ئىككىلىسىمۇ بار. تەبىئەتمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ئۆز قېلىپىدا. ئالدىغا كەتكەنلەر كەينىگە قاراشقا ھەۋەس قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات چېكى تەبىئەتكە قايتىش. بىر ئىقتىسادشۇناس كەينىدە قېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىكەن. ئۆزىمىز بىلىدىغان قاناسنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى ئۇنىڭ ئاتا تەبىئىتى ئۆز قېلىپىدا ساقلىنىپ قېلىش بىلەن بىرگە، شۇ يەردىكى يەرلىك تائىپە (مىللەت) يەنى باشقا يەردە يوق تائىپە تۇۋالارنىڭ بولۇشى، شۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى، شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە، چۆچەكلەرنىڭ تۈگىمەس رىۋايەتلىرىگە ئايلىنىشىدا. بۇلارنى مۇنداق سىرلىقلاشتۇرۇپ كۆرسىتىش ساياھەت ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاقىنلار ئايتىشى مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 17 ـ نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئايتىش قوشۇنىنىڭ بىر مەزمۇنى) يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز رولىنى تولۇق، سىستېملىق ئىجادىي تۈردە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى دەل مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى ئاقىنلار ئايتىشى بىلەن ساياھەتنىڭ ئورگانىكلىق بىرلەشتۈرۈلۈشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مانا بۇ ئىقتىسادنى مەركەز قىلىپ ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەققىي ئىپادىسى. بۇ بايرامدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق ئۈچ چوڭ تور بېكىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرگە داڭلىق فوتوگرافلار تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار تارباغاتاينىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، تارباغاتاينى تونۇشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىدى. ئاقىنلار ئايتىشى بىلەن ساياھەتنى بىرلەشتۈرۈش «ئىس ـ تۈتەكسىز ئىگىلىكنى» جانلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق قىسقا ۋاقىتتا يۆتكىلىشچان نوپۇس سانىنى كۆپەيتىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەملەر ئارا بېرىش ـ كېلىشنى، بولۇپمۇ سودا مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە پۇرسەت يارىتىش، بۇ ئارقىلىق يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى بىلەن تەبىئىي بايلىقنى تەشۋىق قىلىشتۇر. بۇ دەل «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماق» دېگەنلىكتۇر.

سىياسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قانۇنلۇق تۈردە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مەبلەغ ئاجرىتىش، ئۇلارنى قوغداش، تەشۋىق قىلىش، تەتقىق قىلىش،

داۋاملاشتۇرۇش، ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش ھەم شۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. قاچانلا بولمىسۇن خەلق ئۆز مىراسلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى قايتا تونۇيدۇ، مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىنىدۇ ۋە پەخىرلىنىدۇ، چۈنكى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ كىملىكى.

چاغانتوقاي ناھىيىسى تورە يايلىقىدىكى ئاقىنلار ئايتىشى مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى، ئاقىنلار ئايتىشىدا شەكىللەنگەن قائىدە بىلەن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن سىرت، قەدىمىي جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن يۈزلىگەن ئۆيلەر، سىرماق تىكىش جەريانى (قوي قىرقىش، يۇڭ ساۋاش، يۇڭ ئېتىش، كىگىز تېپىش، كىگىز بىلەكلەش، ئۆرنەك سېلىش قاتارلىق باسقۇچلار)، ئارقان ـ يىپ ئىگىرىش، ئۆرمەك توقۇش، قوي سويۇش، قىيىشچىلىق، پىچاق سوقۇش، زەرگەرچىلىك، تاۋا نان پىشۇرۇش، قىسسە، داستان ئېيتىش، چېتىپ باغلاش، سۇمبۇل (ئۇزۇن) چاچلىق گۈزەل خانىم ـ قىزلارنى باھالاش، يۇقىرى دەرىجىلىك كىيىم مودېللىرى، مىللىيچە گۆش ۋە سۈتتىن تەييارلانغان تائاملار، جۇڭگوچە شاھمات ئويناش، ياغاچتىن ياسالغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، دومبۇرا ياساش، قارا سوپۇن ياساش... تىزىپ كەلسەك كۆپ، بۇلارنى ئايرىم رايون بەلگىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت، غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىمىزنى بالدۇرراق ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن نەق مەيداندا تەشۋىق قىلىش، قازاق مىللىتىنىڭ ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلدۈرۈش ئارقىلىق «يوقالغان پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن»ئىدى دېگۈزمەسلىك ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تۈر قىلىپ يوللاشقا كۆرۈنۈش (رەسىم، سىنغا ئېلىش) ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈندۇر.

مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنىڭ بولماسلىقى شۇ شەھەرنىڭ تېخى مەدەنىيەتلىك شەھەر بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ئامېرىكىلىق قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى «شەھىرىڭىزنى ماڭا كۆرسىتىڭ، مەن شۇ شەھەردىكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن» دېگەن ئىكەن. بىر شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاقىنلار ئايتىشىنى پەقەتلا بىلمەيدىغان ساياھەتچى ئاقىنلار ئايتىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىنى، بۇنىڭغا مەسئۇل رەھبەرلىكنىڭ خاسلىقىنى، تەشكىللەش قابىلىيىتىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى، ئىناق جەمئىيەتنى، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى كۆرۈۋالايدۇ.

«ھەرىكەت بىر ئادەمنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، قابىلىيەت ئۇنىڭ ئىشلىيەلەيدىغان ياكى ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. پوزىتسىيە ئۇنىڭ غەلىبىلىك ئىشلىيەلەيدىغان ياكى غەلىبىلىك ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ» دەيدۇ ئالىملار.

بىر ئىشنى ئىشلەشتە ھەرىكەتنىمۇ، قابىلىيەتنىمۇ، مۇھىمى ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە. بىز ئادەتتە ‹ئاكتىپ› دېگەن باھاغا باشقىچە قارايمىز. بۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ قالدۇرغان يامان تەسىرى بولسا كېرەك. ئەمما توغرا مەنىدىكى ئاكتىپ بولۇش نەتىجىگە باشلايدۇ. پوزىتسىيە كۆز قاراشنى، كۆز قاراش ھەرىكەتنى بەلگىلەيدۇ. توغرا ھەرىكەت ھاياتلىق ھارۋىسىنى ئالغا سۆرەيدۇ. خەلق مەدەنىيەت مىراسلىرى بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىمۇ ئۆزلۈك ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، يەنى شەكلى ۋە مەزمۇنىنىمۇ مىللىي خاسلىقتا ئىگە قىلىشىنىڭ كاپالىتى. بەلكىم كەلگۈسىدە خەلق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئانا تىلنىڭ ئورنىنى تولۇقلىشىمۇ مۇمكىن. ئۆز ئانا تىلى يوقالغان مىللەتلەرمۇ خەلق مەدەنىيىتى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. ھازىر تىلنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تۇتىدىغان ئورنى يۇقىرىلاشقا باشلىدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقى تىلى بىلەن ئەمەس كىيىمى بىلەن پەرقلىنىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ تىلى بولمىسىمۇ مىللىي كىيىم ـ كېچەكى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مىراس بولدى، شۇڭلاشقا خەلق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىككىنچى ئانا تىلدۇر.

ئاپتور: تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى.

# قولىيازمىلارنى يىغىپ ساقلىغۇچى




شياۋ شياۋ

جۇڭگودا ھازىر مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قولىيازمىلىرىنى يىغىش بىلەن داڭق چىقارغان ئادەملەر ئىچىدە جاۋ چىڭۋېي دەپ بىر كىشى بار. ئۇ بېيجىڭدىكى بىر يىغىپ ساقلىغۇچى. جاۋ چىڭۋېي پوچتا ماركىلىرىدىن تارتىپ ماي بوياق رەسىملەرگىچە ھەر خىل بۇيۇملارنى يىغقان، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇ ھەر خىل قولىيازمىلارنى يىغىۋاتىدۇ. بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ يىغقان قولىيازمىلىرى 100 توننىدىن ئېشىپ، تۆت چوڭ ئىسكىلاتقا دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىسكىلاتلارنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈنلا ھەر يىلى 500 مىڭ يۈەن تۆلەيدۇ.

جاۋچىڭۋېينىڭ نېمە سەۋەبتىن قولىيازمىلارنى يىغماقچى بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىدە گەپ قىلساق، ئۇ ئۆزى: ھازىر جۇڭگو بارغانسېرى خەلقئارالىق يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ، يىغىپ ساقلاش ئىشىمۇ ئوخشاشلا خەلقئارالىق بازارغا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك دەرىجىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ قولىيازمىلارنى يىغىپ ساقلاشمۇ يىغىپ ساقلىغۇچىلار قىزىقىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ، قولىيازمىلارنىڭ باھاسىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ، قەدەممۇ قەدەم بازارلىشىدۇ، دەيدۇ. جاۋ چىڭۋېي يەنە: پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ يېزىش ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، كومپيۇتېر قول بىلەن يېزىشنىڭ ئورنىنى، ئاپتوماتىك يوللانمىلار خەت ـ چەكلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، قول بىلەن يېزىقچىلىق قىلىش بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، كومپيۇتېرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى بىلەن، قول بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىپ، ھەتتا ئىزى ئۆچۈشكە قاراپ ماڭىدۇ. ئىلگىرىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كەم ئۇچرايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ، يىغىپ ساقلاش قىممىتىنىڭ ئۆسۈشىدىن شۈبھىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ كۆرسىتىدۇ.

بېيجىڭدا جاۋ چىڭۋېينىڭ دائىم بىر كالتەكلىك تارازىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى باسقان ئۈچ چاقلىق

ھارۋىلارغا دىققەت بىلەن قاراپ، كونا ماللار بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز. كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى كونا نەرسىلەرنى يىغىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. جاۋ چىڭۋېي بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويمايدۇ. ئۇ: ئەگەر كىشىلەر مەن يىغىۋاتقان «كونا ماللار»نى ئوبدان ساقلايدىغان بولسا، شۇنىڭ ئۆزى ئەجداد ۋە ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن قىلغان بىر خىزمىتىمىز بولۇپ قالغان بولاتتى، دەيدۇ.

جاۋ چىڭۋېي 1963 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئاتا ـ بوۋىلىرى مانجۇ. ئائىلىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ كىچىكىدىن رەسىم سىزىش، تامغا ئويۇش دېگەندەك ئىشلارغا قىزىقاتتى. كېيىن ئۇ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇپ، توك ئەسۋابلىرى زاۋۇتىغا تەقسىم بولۇپ ئىشچى بولغان. بۇ يەردە ئىشلىگەن ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇ ھەر كۈنى دەم ئېلىش ۋاقتىدا سىر زاۋۇتىدىكى ① كونا كىتابخانىغا بېرىپ كىتاب كۆرەتتى. ئۇ قايتىش يولىدا جۇڭگو پوچتا ماركىسى باش شىركىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. ئۇ، بۇ يەرگە دائىم كىرىپ شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ كەتكەنىدى. شۇ جەريانىدا ئۇ پوچتا ماركىسى دېگەن بۇ نەرسىنىڭ قىممىتى ئېشىپ تۇرىدىغانلىقى، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ساتسا خېلى پايدا كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىر زاۋۇتى تەرەپتە بىر يايما ئېچىپ پوچتا ماركىسى سېتىپ ئوبدان پۇل تاپتى. بۇ پۇل ئۇنىڭ زاۋۇتتىكى مائاشىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇ خىزمىتىدىنمۇ ئىستېپا بەردى.

1988 ـ يىلى جاۋچىڭۋېي بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، «ئېلېكترونلۇق كونترول» كەسپىدە ئوقۇدى. 1989 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇ «ستوك شىركىتى»گە كىرىپ ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىدى. بۇ چاغدا ئۇ ھەم ئىشقا بېرىپ، ھەم دەرسكە قاتنىشىپ، ھەم پوچتا ماركىسى سېتىپ، ئۈچ ئىشقا تەڭ ئۈلگۈردى. 1993 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ شىركەت قۇردى. شىركەتتىن تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى پوچتا ماركىسى بازىرىغا مەبلەغ قىلىپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشنى كىچىك قىلمايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالدى.



1996 ـ يىلدىن باشلاپ جاۋچىڭۋېي ماي بوياق رەسىملىرىنى يىغدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يىغقان ئەسەرلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. 1998 ـ يىلى خاربىندا بىر چېركاۋنى بۇزۇپ يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقاندا، جاۋ چىڭۋېي ئۇ يەردىن ماكارىنچرو ( 米开郎基罗 ) ئىشلىگەن بىر قاپارتما رەسىمنى سېتىۋالدى. ئۇ قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، بۇ رەسىمنىڭ 1502 ـ يىلى ماكارىنچرونىڭ ئىتالىيىلىك گېنېرال جولنوغا ئىشلەپ بەرگەن قاپارتما رەسىمنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

1999 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى، جاۋچىڭۋېي سىر زاۋۇتىدىكى بىر ھۈنەر ـ سەنئەت دۇكىنىغا بىر ئىش بىلەن بارغانىدى. بۇ چاغدا بۇ دۇكاننىڭ ئىچىنى قايتا تۈزەشتۈرۈۋاتقان ئىكەن. ئۇنى تونۇيدىغان خىزمەتچىلەر:— ئاتاقلىق رەسسام ئەي جۇڭشىننىڭ ماي بوياق رەسىملىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بار، ئالامسىز؟ ـ دەپ سوراپ قالدى. جاۋ چىڭۋېي ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ھەممىنى ئېلىپ كېتىپ، خېلى كۆپ كىرىم قىلدى. مۇشۇ يىلى ئۇ بىرلەشكەن شىركەتتىنمۇ ئايرىلىپ چىقىپ، «ئەسكى ـ تۈسكى»لەرنى يىغىدىغان يولغا رەسمىي ماڭدى.

* * *

جاۋ چىڭۋېينىڭ قولىيازمىلارنى يىغىش ئۇسۇلى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ دائىم ئىدارە ـ ئورگان، نەشرىيات، مەكتەپ، دوختۇرخانا، چېقىلىۋاتقان كوچا، ھەتتا كونا ماللار بازىرى ۋە قەغەز زاۋۇتى دېگەندەك يەرلەرنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرىدۇ. ھەرقايسى ئورۇن، تەشكىلاتلارنىڭ رەتلەپ چىقىرىۋەتكەن «كېرەكسىز قولىيازما»، خەت ـ چەك ۋە ھەر خىل كونا بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ سېتىۋالىدۇ.

جاۋ چىڭۋېي ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ: يېقىنقى يىللاردىن بېرى بېيجىڭ شەھەر ئىچىنى ئۆزگەرتىش ئىشى ئىنتايىن تېز كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭ ئولىمپىك شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانىنى يولغا قويۇۋاتقاچقا، نۇرغۇن ھۆكۈمەت

ئورگىنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىدارىلىرى كۆچۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى ئىقتىسادىي ساھەلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كونا ئىدارە بىنالىرىنىڭ نۇرغۇن ئىسكىلاتلىرى ئىجارىگە بېرىلگىلى تۇردى. مۇنداق كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىش پەيتىدە زور بىر تۈركۈم «مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى» بىر تەرەپ قىلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلگىرىكى يىللارغا تەئەللۇق مۇھىم ئارخىپ ماتېرىياللار، خەت ـ چەك قاتارلىقلار بار، دەيدۇ. ھازىر ئورگانلاردىن شەخسلەرگىچە ھەممىسى كونا نەرسىلەرنى تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىپ يېتىشەلمەي كېتىۋاتىدۇ. ھېچكىمنىڭ پۇل خەجلەپ، كۈچ ئاجرىتىپ ئىسكىلاتلاردىكى بۇ قولىيازمىلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققۇسى يوق. ئەمما جاۋ چىڭۋېي خۇشاللىق بىلەن ئەلنەغمە نەشرىياتىدىن تارتىپ سەنئەت تەتقىقات ئورنى، سودا باسمىخانىسى، شىخې دوختۇرخانىسى، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، ئازادلىق ئارمىيە قۇتقۇزۇش باش ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلارغا قاتراپ ھارمىدى. ئۇ: ــ ھازىر مەن دۆلەتكە ۋاكالىتەن تارىخىي نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەملەر تاشلايدۇ، مەندەك بىر مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تايىنى يوق ئادەم يىغىدۇ، ـ دەيدۇ.

بەش يىلدىن بېرى جاۋچىڭۋېي چامىنىڭ يېتىشىچە بۇ «مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى»نى يىغىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن گۆھەرلەرنى تېپىپ چىقتى. جۇئېنلەينىڭ بۇرۇنقى ئافغانىستان رەھبىرىگە ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر پارچە مەكتۇپى ئافغانىستاننىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىنقى ھۆكۈمەتنىڭ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقىرىۋەتكەندە جاۋ چىڭۋېينىڭ قولىغا چۈشكەن. يەنە نۇرغۇن پېشقەدەم گېنېراللارنىڭ قولىيازمىلىرى بىر ئارمىيە نەشرىياتى رەتلەپ چىقىرىۋەتكەن «كېرەكسىز نەرسىلەر» ئارىسىدىن چىققان. يەنە جاۋ چىڭۋېينىڭ قولىدا مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە كاتتا خەتتات دۇڭ چىچاڭنىڭ قولىيازمىلىرى، شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى شۈ شىچاڭ يازغان مەسنەۋىي ①، شۈپېيخۇڭنىڭ دوستلىرىغا سىزىپ بەرگەن رەسىملىرى، دۇڭ بىۋۇ ۋە جۇئېنلەينىڭ ئون نەچچە پارچە ئىنگلىز تىلىدا يېزىشقان خەت ـ چەكلىرى، سۇڭ چىڭلىڭنىڭ تەستىقى، گېنېرال تەن چىڭ يازغان تيەنجىننى تىنجىتىش ئۇرۇشىنىڭ جەڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ياۋ شۆيىن يازغان «لى زىچېڭ» ناملىق رومانىنىڭ قولىيازمىلىرى، خۇاڭ يوڭيۇ سىزغان قىستۇرما رەسىملەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

سودا باسمىخانىسى جۇڭگودىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن باسما ئورۇنلىرىنىڭ بىرى. 2002 ـ يىلى سودا باسمىخانىسى كۆچۈشكە باشلىغاندا، نۇرغۇن قولىيازما، كىتاب، خەت ـ چەك، باسما ماتېرىياللىرى، قىستۇرما رەسىم، ئەسەرلەرنىڭ كوررېكتور نۇسخىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى شاللىۋېتىشكە توغرا كەلدى. بۇ چاغدا جاۋچىڭۋېي بۇرۇن سودا باسمىخانىسىدا ئىشلىگەن كارتون فىلىم رەسىملىرىنى ئىشلەشنىڭ ئۇستىسى ۋەن لەيمىڭ سىزغان قىستۇرما رەسىملەر، ئاتاقلىق يازغۇچى شياۋچيەننىڭ خەت ـ چەكلىرى ھەمدە سودا باسمىخانىسى قۇرۇلغاندىن بېرى ھەرقايسى تەشۋىقات ئورۇنلىرىدا قىلىغان ئېلانلار، يىغىن خاتىرىسى قاتارلىق ئېغىرلىقى 60 ـ 70 كىلوگرام كەلگۈدەك ماتېرىياللارنى يىغىۋالدى.

2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، بېيجىڭ شىخې دوختۇرخانىسىنى ئۆزگەرتىپ ياسىماقچى بولغاندا، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق نۇرغۇن كىتاب، ماتېرىياللارنى شاللىۋېتىشكە توغرا كەلدى. جاۋ چىڭۋېي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەر كىلوگرامىنى بەش يۈەن باھادا ھەممىسىنى سېتىۋالماقچى بولۇپ، جەمئىي 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدى. نەتىجىدە، ئۇ بەش توننا ئەتراپىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەر ئارىسىدىن ئۈچ يېرىم توننا كىتاب قاتارلىق نەرسىلەرنى رەتلەپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچىلىرى 100 يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە مېدىتسىنا، پەلسەپىگە ئائىت كىتابلار بولۇپ، نۇرغۇنلىرى ئەينى يىللىرى چەت ئەللەردىكى داۋالاش ئورۇنلىرى تەقدىم قىلغان ماتېرىياللار ئىدى. جاۋ چىڭۋېي بۇنىڭ ئىچىدىكى مىڭ پارچىدىن ئۇشۇق تەشۋىق كىتاب ۋە بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا بىلەن پايتەخت كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلدى.

ھازىر جاۋ چېڭۋېينىڭ كۆڭلىرى ناھايىتى ئازادە ئۆتتۈۋاتىدۇ. ئىشى يوق چاغلاردا بېرىپ گۈلگ توپ ئوينايدۇ. خەۋەر كېلىپ قالسا بېرىپ ئالماقچى بولغان ماللىرىنى كۆرۈپ باقىدۇ. قايسىبىر ئورگان ياكى نەشرىيات كۆچمەكچى بولسا دەرھال نەق مەيداندا ئۇنىدۇ. ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى»نى يىغىشتا تايىنىدىغان «خەۋەرچى»لىرى بار. بۇ خەۋەرچىلەرنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىدىغان پونكىتلارنىڭ قىممەت باھالىق كونا بۇيۇملارنى سېتىۋالىدىغان ئادەملەر ۋە بېيجىڭ شەھىرى ئىچىدىكى كونا ماللارنى يىغىدىغان دېھقانلار بار. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جاۋ چېڭۋېيگە خۇشاللىق بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. جاۋ چېڭۋېي شەندۇڭدىن كەلگەن بىر مېيىپ دېھقاننى: «ئۇ بېيجىڭگە كېلىپ ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ يۈرۈپ، قولىيازمىلارنىڭ پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ئەڭ بۇرۇن تونۇپ يەتكەن ئادەم»دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. بۇرۇن قولىيازما دېگەننىڭ بىر تاغىرى 20 يۈەن ئىدى، كېيىن 200 يۈەنگە چىقتى، ھازىر بەزى قولىيازمىلارنىڭ بىر ۋارىقى 2000 يۈەنگە يارايدۇ.

مۇنداق «خەۋەرچى»لەر شەندۇڭلۇق، ئەنخۇيلىك ، خېنەنلىك دېگەندەك خىلمۇخىل يۇرتلاردىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىدارە، ئورگانلاردا ئىشلەپمۇ قالىدۇ، ھەتتا بىكارغا ئىشلەپ بېرىدۇ. مۇشۇ ئىدارە كۆچىدىغان چاغدا «كېرەكسىز قەغەز»لىرىنى ماڭا سېتىپ بېرەمدىكىن، دەپ شۇنداق قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بەزى داڭلىق ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مەلۇم مۇددەت ئۇلارنىڭ تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. شۇڭا، قىممىتى بار «كېرەكسىز بۇيۇملار»نىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرىدا جاۋ چېڭۋېينىڭ سېتىپ يىغىۋالىدىغان نەرسىسى بولۇپ قالىدۇ. بىر قېتىم ئۇ مەلۇم بىر نەشرىيات ئورنىدىن بىر تۈركۈم نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق رەسساملار كىتابلار ئۈچۈن ئىشلىگەن نۇرغۇن قىستۇرما رەسىملەر بار ئىدى. ئۇ بۇ رەسىملەرنى مەخسۇس مۇشۇنداق بۇيۇملارنى ئالىدىغان بىر يىغىپ ـ ساقلىغۇچىغا ئۈچ ـ تۆت مىليون يۈەن باھادا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

جاۋ چېڭۋېي يىغقان قولىيازمىلار ئىچىدە ئۇنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى، دوڭ چېچاڭنىڭ رەسىملىك كىتابى. بىر «خەۋەرچى» مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئورنىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا بىرەيلەننىڭ كونا كىتابلارنى سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال جاۋ چېڭۋېيغا خەۋەر قىلغان. جاۋ چېڭۋېي كېلىپ بۇ كونا كىتابلارنى كۆرۈپ، بۇ كىتابلارنى ساتماقچى بولغان ئائىلىنىڭ ئادەتتىكى ئائىلە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلاردا يەنىمۇ ياخشى نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «خەۋەرچى»گە بۇ ئائىلىنىڭ ساتماقچى بولغان نەرسىلىرىگە دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى. «خەۋەرچى» بۇ ئائىلىنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بىلدىكى: بۇ ئۆيدە پەقەت بىر نەپەر ياشانغان كىشى تۇرىدىكەن، ئوغۇل ـ قىزلىرى يېنىدا ئەمەسكەن. يېقىندا ئىدارىدىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن يېڭى ئۆيگە كۆچمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ھېلىقى ياشانغان كىشى ئۆزىگە لازىملىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسنى ئۆي خىزمەتچىسىگە، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئالىدىغانلارغا سېتىپ، پۇلغا كۆكتات ئېلىڭ، دەپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن خەۋەرچىلەر بۇ ئائىلىنىڭ «كېرەكسىز بۇيۇملىرى»نىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى مەسنەۋىيلەر توپلىمىدىنلا نەچچە ئون پارچە بار ئىدى. مۇقاۋىسى ئامۇت ياغىچىدا ئىشلەنگەن بىر رەسىملىك كىتابنى كۆرگەندە جاۋ چېڭۋېينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى. بۇ مەشھۇر خەتتات دوڭ چېچاڭنىڭ قولىيازمىلىرى ئىدى. ئۇ دەرھال مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ باھالىتىپ باقتۇرىدى، ھەقىقىي ئەسەر بولۇپ چىقتى. باھاسى مىليون يۈەنگە يېتىپ باراتتى.

2003 ـ يىلى يازدا، جاۋ چېڭۋېي بىر خەۋەرچىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ، مەلۇم بىر ژۇرنال نەشرىيات ئورنىنىڭ 33 ساندۇق نەرسىسىنى سېتىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن، «ساندۇقنى ئېچىپ كۆرمەيسەن، بىر ساندۇقىغا مىڭ يۈەندىن جەمئىي 33 مىڭ يۈەن بېرىسەن» دەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. جاۋ چېڭۋېي 30 مىڭ يۈەنگە ساندۇقتىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى. ساندۇقنى ئېچىپ قارىۋېدى، شى لۇ، فەن زىڭ، ۋۇگۇەنجۇڭ قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي قولىيازمىلىرى بولۇپ چىقتى.

جاۋ چىڭۋېي ھازىرغىچە نەچچە مىليون بەتلىك قولىيازما يىغدى. بۇلارنى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، سىياسىيون، ئەدىب، سەنئەتچى، ئالىم قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرى، ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى، ژۇرناللارغا يېزىپ بەرگەن ماقالىلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى، شېئىرلارنىڭ قولىيازمىلىرى، خاتىرىلەر، كىتابلارغا بېرىلگەن قىستۇرما رەسىملەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى قاتارلىقلار؛ يەنە بىرى، ئارخىپ ماتېرىياللار، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ پوچېركىلىرى. بۇ پوچېركىلار مەشھۇر كىشىلەرنىڭ پۇچېركىلىرى ئەمەس، كۆپىنچىسى يىغىن خاتىرىسى، تېلېفون خاتىرىسى، مەلۇم پىلانلارنىڭ مەزمۇنلىرى دېگەندەك نەرسىلەر. ئەمما، بۇ ماتېرىياللارمۇ ئەينى يىللاردىكى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بولالايدۇ.

جاۋ چىڭۋېي مۇنداق دەيدۇ: ئامېرىكىغا ئوخشاش دۆلەتلەر گەرچە 200 يىللىقلا تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەر قانداق خاتىرىلەرنى ئوبدان ساقلاپ كەلمەكتە. جۇڭگونىڭ تارىخى بەك ئۇزاق بولغاچقىمىكىن، كىشىلەر ئارخىپ، قولىيازما دېگەندەك نەرسىلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. يازغۇچىلار ئۆزىمۇ كۆپرەك ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىگە دىققەت قىلىدۇ، قولىيازمىلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ. يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلارمۇ كۆپرەك مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھۆسنخەت، رەسىملىرىگە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، ئۇلارنىڭ قولىيازمىلىرىغا ئانچە قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەلەم بىلەن يېزىلغان قولىيازمىلار شۇ مەشھۇرلار ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئىگىلىشىمىزچە، بېيجىڭدا جاۋ چىڭۋېيگە ئوخشاش قولىيازما يىغىدىغانلار 30 غىمۇ يەتمەيدىكەن، جاۋ چىڭۋېيغا ئوخشاش بىراقلا دوغا چىقىپ، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ سېتىۋالالايدىغانلار تېخىمۇ ئاز ئىكەن. مەن جاۋ چىڭۋېيدىن: — يېقىنقى يىللاردىن بېرى «كېرەكسىز ماللار»نى سېتىۋېلىشقا سالغان مەبلىغىڭىز قانچىلىك؟ ـ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: — نەچچە 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ، ـ دېدى. ئۇ يەنە: — بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز يالغۇز يىغىۋېلىشلا ئەمەس، شۇنداقلا يەنە بىر قۇتقۇزۇش خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت بولسا، مەلۇم دائىرىدە بىر كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاشۇ ئاددىي قولىيازمىلارنىڭ قىممىتىنىڭ ئادەتتىكىچە ئەمەسلىكىنى بىر بىلدۈرۈپ قويغۇم بار، — دېدى.

ھازىر بىر تۈركۈم پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر جاۋ چىڭۋېي يىغىپ كەلگەن قولىيازمىلارنى خالىسانە ساتاتىستىكا قىلىپ، رەتلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك گۆھەر. جاۋ چىڭۋېي تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ يىغىپ ـ ساقلاش سېپىگە قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۆپ ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ساقلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

جاۋ چىڭۋېي ئۆزى يىغقان مۇنچىۋالا كۆپ قولىيازمىلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تۈرلەرگە ئايرىپ مۇزېيغا قويۇش، تەقدىم قىلىش، باشقا نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرى نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش دېگەندەك بىر قانچە لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزى ساقلاۋاتقان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت سۈرەتلەرنى تورغا چىقىرىپ، سۈرەت ئامبىرى قۇرۇپ، لىنىيىدە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يەنە خۇسۇسىي يىغىپ ـ ساقلاش مۇزېيى ئېچىش خىيالىمۇ بارىكەن. جاۋ چىڭۋېينىڭ ھازىر ساقلاۋاتقان بۇيۇملىرى مەيلى سان ياكى كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن ئۆزىنىڭ خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تامامەن يېتىدۇ.

---

①سىر زاۋۇتى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سىر فارفۇر بۇيۇملارغا بېرىلىدىغان سىرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە مىڭ، چىڭ خاندانلىقلىرى دەۋرىدە مۇشۇنداق سىرلارنى ئىشلەيدىغان ئورۇنلار بولغان ئىكەن. ھازىر بېيجىڭنىڭ «سىر زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئورۇنغا نۇرغۇن كىتاب دۇكانلىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ئورۇنلار جايلاشقان.

①مەسنەۋىي دۇيلەن (对联).

خەنزۇچە «يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدىن تاللانما»ژۇرنىلى 2006 ـ يىلى 9 ـ سانىدىن **مەمتىمىن ھوشۇر** تەرجىمىسى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش دېتاللىرى

ئابدۇۋارىس رەھىم

ئۇيغۇر مىللىتى ناھايىتى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ناھايىتى ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ھەرقايسى دەۋرلەردە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە ئۆزلىرىگە خاس تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئۆتكەن، ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەرلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. «بۇنىڭ بىلەن زىرائەتلەرنىڭ تۈرى كۆپەيگەن، بۇ ھال دان ئايرىش ۋە يانجىش قوراللىرىنى تەقەززا قىلغان» ① . دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يانجىپ ئۇن قىلىپ نان، ئۇنلۇق تائام قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان. مۇشۇ ئېھتىياجلار ئاساسىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇزۇقلىنىش مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۆپ خىللىشىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مانا بۇ سۇ تۈگمىنى، سوقا، جۇۋاز، لوك ۋە كۆيەك قاتارلىقلار ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## تۈگمەن

كرورەن، كىتەك ۋە نىيە قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق ۋە تېرىق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ يىغىۋېلىپ، دان ئايرىپ، يۇمشىتىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ھەر خىل تائاملارنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشنى بىلگەن. يېغى تاش قوراللار دەۋرىدىكى دانلىقلارنى ئېزىشكە ئىشلەتكەن ياپىلاق تاش، پوزىدەك سوزۇنچاق تاش... قاتارلىقلار بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەدرىجىي ئاشقانسېرى، چۆرگىلەتىپ ئېزىش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلگەن. بۇ كەشپىيات «يارغۇنچاق» دەپ ئاتالغان. رايونىمىزنىڭ سۇ كەمچىل جايلىرىدا ھازىرغىچە قوناقنى يارما قىلىش داۋاملىشىپ كەلگەن. «يارغۇنچاق» ئاددىي بولۇپ، قول بىلەن چۆرىلىدۇ، ئاساسەن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. يارغۇنچاق كېيىنكى سۇ تاش تۈگمىنىدىن كىچىكرەك بولغان يەنى دىئامېتىرى 50 ~ 40 سانتىمېتىرغىچە بولغان تۈگمەن تېشى بولۇپ، بۇ ئادەم قول بىلەن چۆرگىلەتكىدەك ھالەتتە كەشىپ قىلىنغان.

گەرچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈگمەنىنىڭ قاچان،



قەيەردە، كىم تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە مۇكەممەل تارىخىي ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تۆگمەن ھەققىدە ئېيتىلغان بايانلىرىدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىلا تارىم ۋادىلىرىدا تۆگمەننىڭ كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش بەكمۇ ئوڭاي. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز تۆگمەنگە تايىنىپ ئۆزلۈكىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. رايونىمىزدا «تۆگمەن بېشى»، «تاللىق تۆگمەن»، «تۆگمەن ئېرىق»، «ياقتۆگمەن»، «قوش تۆگمەن»، «ساي تۆگمەن»، «يارتۆگمەن»، «سەككىز تاش»، «ئون بەشتاش»... قاتارلىق تۆگمەنگە ئالاقىدار نام بىلەن ئاتىلىدىغان يېزا ـ مەھەللىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرى ئىچىدە تۆگمەنچىلىكنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى تۆگمەنچىلىك ـ مەخسۇسلاشقان ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ، سۇ تۆگمىنى ئېرىق ـ ئۆستەڭ شارقىراتمىلىرىنىڭ ئۆستىگە قۇرۇلىدۇ. سۇنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ «بىر تاشلىق تۆگمەن»، «ئىككى تاشلىق تۆگمەن»، ھەتتا بەش، ئون تاشلىق تۆگمەن دەپ ئايرىلىدۇ. بىر تاشلىق تۆگمەن ئېھتىياجلىق بولغان سۇنىڭ مىقدارى بەلگىلىك بولغاچقا، ئەگەر ئۆستەڭدە ئارتۇق سۇ بولسا تۆگمەن نورىنىڭ يېنىدىكى چۈشۈرگە ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. ئادەتتىكى تۆگمەن: تۆگمەنخانا (ئۆگۈت تازىلاپ تەييارلانغان دان قويۇش ئۆيى)، ئون تارتىشقا كەلگەنلەر ياتىدىغان ئۆي ۋە ئون تارتىش ئۆيى قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ) نور، تاقاق، چاق (چاقپەلەك) تاش، سۆكەن، چاناق، چېقىلدۇرۇق، خامپا، ئەگلەك، قوپارغۇ... قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. تۆگمەنچى بەلگىلىك ھۈنەر ـ تېخنىكىغا ئىگە بولغان كىشى بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك قەرەلدە تاشنى چۈشۈرۈپ چېكىپ تۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق سۈپەتلىك ئۇن تارتىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەگەر تۆگمەن بىكار بولۇپ قالسا، تۆگمەنچى كالا ياكى كېپىكنىڭ مۆڭگۈزىدە مەخسۇس ياسالغان «كاناي» (يەرلىك خەلق بۇرغا تارتىلدى،... دەيدۇ)نى چېلىپ، مەھەللە ـ كويىغا تۆگمەننىڭ بىكار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چەت، يېزا ـ كەنتلەردە سۇ تۆگمەنلىرى ھېلىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

### جۇۋاز

ئەجدادلىرىمىز دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىش، پىشقاندا يىغىۋېلىش، يۇمشىتىپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، پىششىقلاپ ئىستېمال قىلىش بىلەن بىللە، تائاملارغا ياغ ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا تەملىك ۋە قۇۋۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىمۇ تېرىغان. دەسلەپتە ياغ چىقىرىشنى يەنىلا تاش بىلەن ئېزىش ئارقىلىق قىلغان، كېيىنچە تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىشىشىغا ئەگىشىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياغ چىقىرىشنى، يەنى جۇۋازنى كەشىپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سۇ يېغىنى (دانلىق زىرائەتتىن چىقىدىغان ياغنى) كۆپلەپ ئىستېمال قىلىش ئومۇملاشقان. جۇۋازدا ھەيدىلىپ ياغ چىقىرىلىدىغان زىرائەتلەر ئاساسەن زىغىر، زاغۇن، زارانگزا، قىچا، كەندىر، ئابدۇمېلىك (ئىنەك پېتى)... بولغان. كېۋەز تېرىش شەكىللەنگەندىن كېيىن چىگىت خام ئەشيا قىلىنغان. كېيىنچە ئاپتاپپەرەس، قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا ئۇرۇقلىرى، ئۆرۈك، شاپتۇل مېغىزلىرىمۇ خام ئەشيا قىلىنغان.

جۇۋاز—ئاددىيغىنە بىر ئېغىز ئۆي (بۇ ئۆي ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كۆپىنچىسى سۆگەت تېلى بەلەن توقۇپ ياسىلىدۇ)، بۇ ئۆي، يەنى جۇۋازخانا بوسۇغىدىن كىرىشكە 50 سانتىمېتىر كەڭلىك قويۇپ، بىر مېتىر پەسلىتىپ ئويۇلىدۇ. گۇندا، باچكا، قايچا، ئوق، لەنگەر، بوڭ، چۇلۇك، پوتلا بويۇنتۇرۇق، ياغ ئېلىش قاچىسى، ئارقان، قايچا شەكىللىك ياغاچ كۆتىكىگە ئىلىپ قويىدىغان تاش (50 كىلوگرامدىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك)، ياغ ساقلاش ئۇچۇن تۇلۇم (تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان ھايۋان تېرىسى)، يوغان قاپاق، چاۋا (ياغلىق كۇنجۇرە ۋە يۇڭ قېتىلمىسىدىن ياسالغان كوزا) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، جۇۋازنىڭ ئاساسلىق سايمانلىرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 700 ـ يىللا تۆگە، ئات، كالا قاتارلىقلارنى كۆندۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان ھەمدە قاتناش قورالى قىلغاندىن باشقا، يەر ئاغدۇرۇش، سۆرەم سېلىشتەك دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سالغان. جۇۋاز كەشىپ قىلىنغاندا كالىنى جۇۋازغا

قاتقان.

ياغ چىقىرىش تەرتىپى: ياغ چۈشىدىغان باچكا ئۈچگە ياغلىق زىرائەت دېنى چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاش، قايچا ياغاچنىڭ كۆتەك تەرەپپىگە ئېلىپ قويۇلۇشى كېرەك. تاشنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن تىك تۇرغان ئوق ياغاچ 45 گىرادۇسلۇق يانتۇلۇق ھاسىل قىلىدۇ. كالا ھەيدەلگەندە جۇۋازچى (جۇۋازنى ھەيدەيدىغان ئادەم) چىگىتنى ئوق ئاستىغا ئىتتىرىدۇ، ئوق تاشنىڭ ئېغىرلىق بېسىمى بىلەن چىگىتنى يانجىيدۇ. چىگىت تالقان بولغاندا، ياغلىق دان سىقىلىدۇ. دان ئوق بىلەن گوندا ئارىلىقىدا يانجىلىدۇ. دان يانجىلىپ بولغاندا چىغ بېسىلىدۇ، چىغنىڭ يانجىلىش بېسىمى ئارقىلىق داندىن ياغ تامىدۇ، دان ۋە چىغ يانجىلىپ بولغاندا گوندا ئىچىدە بىر قاتمال كۇنجۇرە پەيدا بولىدۇ، جۇۋازچى بۇنى بوشىتىۋېلىپ پارچىلاپ ئايلانما ئوق ئاستىغا باسىدۇ. بۇ چاغدا جۇۋازچى ياغنىڭ ئېلىنىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، جۇۋازنى توختىتىدۇ، بىر جۇۋاز كۇنىگە بىر قېتىم ئۇلاغ ئالماشتۇرۇش بىلەن 10 ~ 20 كىلوگرام ياغ ئالىدۇ. بەزى جۇۋازچى پىشقان ياغنى ئوقنى چىقىرىۋېتىپ، باچكىدىن سۇزۇۋالىدۇ. بەزىسى بولسا گوندا ئاستىدىكى ئۇيۇققا قويۇلغان ياغ قاچىسىغا باچكا ئاستىدىكى ياغ چۈشۈش تۆشۈكىدىن چۈشۈپ ئالىدۇ. جۇۋاز كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ياغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھايۋانلارنىڭ قۇۋۋەتلىك يەم- خەشەكى بولغان كۇنجۇرىنىمۇ تەييارلايدۇ. چەت، يىراق يېزا- كەنتلەردە جۇۋاز بىلەن ياغ چىقىرىدىغان ئادەت ھېلىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

### سوقا

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىش، يىغىۋېلىش، يۇمشىتىپ ئىستېمال قىلىشنى بىلگەن. شالمۇ ئاشۇ دانلىق زىرائەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈگمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق ۋە سوقىچىلىق مەخسۇسلاشقان ھۈنەر- كەسپ بولۇپ، سۇ تۈگمىنى، جۇۋاز، سوقا- ئەمەلىيەتتە «سۇ ئىلمى، مېخانىكا ئىلمى، بىناكارلىق ئىلمى، دېھقانچىلىق ئىلمى، قول- ھۈنەرۋەنچىلىك، ئىقتىساد قاتارلىق ئىلىم- پەنگە ئالاقىدار بولغان مۇرەككەپ تېخنىكىلىق قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ» ② . سوقىمۇ ئەنە شۇ ئىلىملارغا ئاساسەن ئىشلەنگەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان ئالاھىدە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆچمەس تۈرىدۇر.



سوقا- تۈگمەن كويلىسىغا ئوخشاش شارقىراتما (كويلا) ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، سۇ كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۆي سېلىنمايدۇ، كويلا ئېگىزلىكى ئەڭ پەس بولغاندا 1.5 مېتىر يانتۇ ئېگىزلىكتە بولۇشى كېرەك. نو ئەنە شۇ يانتۇلۇققا ئورنىتىلىدۇ. مەزمۇت ياسالغان چوڭ چاقپەلەك ئاشۇ نونىڭ ئىچىدىكى سۇ ئۇرۇلغۇدەك ھالەتتە بولۇپ، ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زور ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا ئورنىتىلىدۇ. ئوق ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىگە مەزمۇت ياغاچلاردىن پەلەك ئورنىتىلىپ، ئوقنىڭ ئىككى بېشى توسالغۇسىز ھالدا پەلەك يۈزىدە تۇرىدۇ. ئوققا يەنە نورمال ئايلىنىشى تەتۈر تاناسىپلىق بولغان سوقىغا تېگىدىغان تەپمە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەپمىنىڭ يۈزى تېگىش ئارقىلىق كۆتۈرۈلىدىغان سوقا (ياغاچ) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سۇ چاقپەلەكنى ئايلاندۇرغاندا سوقىنىڭ بىرسى چاناققا «گۈس» قىلىپ ئۇرۇلسا، بىرسى كۆتۈرۈلىدۇ،

MIRAS



ئىككى سوقا، شالنى سوقىدىغان يەرگە ياغاچتىن ئىككى چاناق ئورنىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سوقۇلغان شالنى سورۇپ، پاكىزلەپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن چاناق ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈزلۈكنىڭ يېنىغا سۇ ئارقىلىق چۆرگىلەپ شامال چىقىرىدىغان شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلىدۇ، بۇ، «شاماللىق»دەپ ئاتىلىدۇ. سوقا پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

سوقا كەشپ قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار شالنى ھاۋانچا شەكلىدىكى تاشتا يانجىپ گۈرۈچ ھالىتىگە كەلتۈرگەن. كېيىنچە پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان «تەپمە سوقا» كەشپ قىلىنغان. بۇ سوقا بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، چۆكراق ئۆي ئىچىگە قۇرۇۋالغىلىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار سۇ ئىلمى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش جەريانىدا سۇ سوقىسىنى كەشپ قىلغان. بۇنىڭ كەشپ قىلىنىشى «ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ شاھى» دەپ ئاتىلىدىغان «پولۇ»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئەپسۇسكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى تا بۈگۈنگىچە ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخ بېتىدىن ئۇنى كەشپ قىلغان شەخسنىڭ ئىسمىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ كەشپىياتلار ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تاكى زامانىۋى ئۈن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگىچە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئاشۇ زامانىۋى زاۋۇتلارنىڭ ئۈچەمەس ئۆرنىكى بولۇپ بەرگەن.

## لوك ـ كىلت

ئۇيغۇرلار كۆچمەن مەدەنىيەتتىن ئېكىنزارلىقتىكى ئائىلە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، بىر قەدەر مۇقىم بولغان ئۆي ۋە ئۆي مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولغان ئەلۋەتتە. مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي جەريان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ـ مۈلكىنى ساقلاش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار «لوك (قۇلۇپ) ۋە كىلت (ئاچقۇچ)»نى ئىجاد قىلغان. گەرچە ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدا «LOCK» قۇلۇپ، «Kiw» ئاچقۇچ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا «لوك» (LOCK) ۋە «كىلت» (Kiw) ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتىمۇ ياكى ئىنگلىزلارنىڭمۇ؟ بۇنىڭغا تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق جاۋاب ئىزدەش كېرەك. «دەرۋەقە ئادەملەر ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە بەدىئۈيلىك دەۋرىنىڭ بېشىدىلا قول ـ ھۈنەر قىلىشنى بىلىۋالغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا ئادەملەر ئالدى بىلەن ياغاچتىن ۋە ھايۋان تېرىلىرىدىن تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەشنى بىلگەن. ياغاچتىن تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش سېپتە ۋە نازۇك قوراللارنى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، لاغون (ئىچى چۆچەككە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ ئاياغ)، سۇسىق (ياغاچ چىلەك، يەنى سوغا)، چاناق (ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۈزلۈق ۋە شۇنىڭدەك قاچا)، ساغراق (كاسا)، قوشۇق ۋە باشقىلار» ③ . بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى بارغانچە كېڭەيتىپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئىپتىدائىي قۇلۇپ ـ لوكنى ئىجاد قىلغان دېگەن ئىلمىي يەكۈنگە كېلىمىز.

بىرى، «ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇلار بۇرۇنراق ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ـ يۇرتلار ئاساسىدىكى تېرىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ» ④ . شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپە، ئىختىرالىرىنىڭ بىرى مانا شۇ لوك ـ كىلت. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭلا ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بايان قىلىنغان (تەسۋىرلەنگەن) كىنو ـ فىلىملىرىدە كۆرسىتىلگەن ئىشىك دەرۋازىلىرىدا «دەم ـ تاقاق»، ئاندىن تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل قۇلۇپلار بولغانلىقى يېزىلغان ۋە كۆرسىتىلگەن. لېكىن لوك ۋە كىلت تىلغا ئېلىنمىغان، بۇنى ھازىرقى ئالىم ـ تەتقىقاتچىلىرىمىز «ئىپتىدائىي ياغاچ قۇلۇپ دەپ ئاتىماقتا. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كەشپىياتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

يەنە بىرى، لوك (LOCK) كىلىت (Kiw) دېگەن ئا-
تالغۇ گەرچە ئىنگلىز تىلىدىكى قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچ سۆزى
بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغا قەدەر ئىنگلىز-
لارنىڭ ئاسارىئەتىقىلىرىدە بولسۇن، قەدىمىي تـۇرمـۇش
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنو - فىلىملىرىدە بولسۇن ۋە ياكى
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان تارىخىي كىتابلىرىدا بولسۇن
«لوك - كىلىت» دېگەن بۇ كەشپىيات ھەققىدە بىر نەرسە
كۆرۈلمىدى ھەمدە بىرەر ئېغىز گەپ ئاڭلانمىدى. لېكىن
مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە
نەشرى 1 - توم، 463 - بەت)دا كىلىت (ئاچقۇچ) ئاتالغۇ-
سى يېزىلغان. شۇنداقتىمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلار تىلى-
دىن ئىنگلىز تىلىغا ئۆتكەنلىكى ياكى ئىنگلىز تىـلـىـدىن
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتكەنلىكى ھەققىدە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ
تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىزدىنىشىگە توغرا كېلـىـدۇ.
مەيلى قانداقلىقى بولمىسۇن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار بۇ
كەشپىياتنى قىلغان ۋە ھەم تا ھازىرغا قەدەر جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ چەت - يىراق يېزىلىرىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋا-
تىدۇ.

لوك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، كىلىت (ئاچـقـۇچ
تىن) تارتىپ ھەممىسى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. لوكنىڭ تۈرى
كۆپ بولۇپ ئىككى چىشلىق، ئۈچ چىشلىق، بەش چىش-
لىق دېيىلىدۇ. بۇ ئاساسەن لوكنىڭ كىلىتتىكى ياغاچ مىخنى
كۆرسىتىدۇ.

لوكنىڭ ياسىلىشى مۇنداق: كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر،
ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا بىر ياغاچ ساندۇقچە
ياسىلىپ، ئوتتۇرىسىغا جىپسا كېلىدىغان چاسا ياغاچ ئور-
نىتىلىدۇ. بۇ ياغاچنى لوكنىڭ «تىلى»دەپ ئاتايدۇ. ئۇ-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ. تۆشۈككە سالىدىغان
«𝄌» شەكىلدە ياغاچ كىلىت (ئاچقۇچ) بولىدۇ. كىلىتنىڭ
بەزىلىرىدە ئۈچتىن بەشكىچە چىشى بولىدۇ. بۇ چىش بايا
بىز دېگەن تىلنىڭ تۆشۈكىگە (تىلدا قانچە تۆشۈكچە بولسا
كىلىتتىمۇ شۇنچە ياغاچ مىخ «چىش» بولـىـدۇ) ئـۇدۇل
بولۇپ كىرىشىدۇ. كىرىشكەندە ئاندىن لوكنى ئاچقـىـلى
بولىدۇ. لوك ئىشكىنىڭ ئوڭ قانات تەرىپىدىكى تـامـغـا
ئورنىتىلىدۇ (ئىشكىنىڭ بېكىتىلىشىگە قاراپ سول تە-
رەپكە ئورناتسىمۇ بولىدۇ). سول قانات ئىشىككە لوككا



يېقىن كەلگىدەك (⊣) شەكىلدە دەم بېكىتىلىدۇ. ئىشكنى
مەھكەم يېپىپ كىلىتنى تىلنىڭ تېگىگە سېلىپ، يەنى تىل
تۆشۈكىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن لوك تىلنى ئالدىغا ئىت-
تىرگەندە ئىشىك تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى كىلىتنى ئېلىۋالىدۇ
ياكى ئۆزى بىلىدىغان مەخپىي يەرگە تىقىپ قويىدۇ. لوكنى
ئاچىدىغان چاغدا كىلىتتىكى مىخلار لوك تىلىدىـكى تـۆ-
شۈككە ماس ھالدا كەلگەندە تارتسا ئېچىلىدۇ. ئىككى
چىشلىق كىلىتنى ئۈچ تۆشۈكلۈك تىلغا سالغىلى بولماي-
دۇ - دە، ئىشىك ئېچىلمايدۇ. لوك ياسىغۇچىلارمۇ ھەربىر
لوك تىلى ۋە كىلىتنى ياسىغاندا ئوخشاش قىلماي بەزىسىنى
ئەگرى سىزىق، بەزىسىنى ئايلانما، بەزىسىنى تىك سىزىق
بويىچە ياسىغان. شۇڭا بىراۋنىڭ ئۆيىدىكى لوكنى بىراۋ-
نىڭ كىلىتىدا ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كەشپى-
ياتى ھازىرقى «ئەنسو» قۇلۇپلىرىنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن
پۇختا ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن دېيەلەيمىز.

لوك بىر خىل مۇرەككەپ ياغاچ قۇرۇلما بـولـۇپ،
ئاددىي كۆرۈنگەن بىلەن گېئومېتىرىك تېخنىكا قوللىنىل-
غان، ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ ھەم ناھايىتى پۇختا،
ئۆتمۈشتە يېزىلىرىمىزدا كەڭ ئومۇملاشقان.

## كۆرۈك

«دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئاساسىي ۋە مۇھىم
ئىقتىسادىي تارماقلارغا ئايلانغاندا، ساپالچىلىق تېخـىـمـۇ
تەرەققىي قىلغان ۋە قول - ھۈنەرنىڭ باشقا ساھەلىرىمۇ
راۋاجلانغان. بۇ مەدەنىيەتنىڭ تېپىلىشى ۋە تۇرمۇشتا ئىشلى-
تىلىشى بىلەنمۇ باغلىق»، «تەخمىنەن بۇ دەۋرلەر مىلا-
دىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 ~ 3000 - يىللارغا توغرا كېلى-
دۇ» ⑤ . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار

خېلى بۇرۇنلا مەدەنلەرنى بايقاپ قۇيمىچىلىقنى كەشىپ قىلغان. شۇنىڭدەك مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا مىس ۋە قەلەينىڭ بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇنى ئاشۇ ئومۇمىي ئاتالغۇ بولغان قۇيمىچىلىقنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، قول ـ ھۈنەر سەنئىتىنىڭ خىللىنىشى، مىس، تۆمۈر قاتارلىقلاردا نۇرغۇن كەشپىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشتىكى شەرتى بولۇپ بەرگەن. ئۇيغۇرلار كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۆمۈرچىلىك، مىسگەرلىك، ئالتۇن ـ كۈمۈشچىلىك (ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاساسەن زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان)، سەرراپچىلىق، تۇنىكىسازلىق، تاقىچىلىق.. قاتارلىق ئىككى يۈز نەچچە خىل ھۈنەرنى تۆمۈر ئارقىلىق كەشىپ قىلغان. ئادەملەر مانا بۇ تۆمۈرچىلىك ھۈنەرلىرىنىڭ ئىشلىنىشى جەريانىدا ئوتتىن پايدىلانغان، ئەلۋەتتە. ئەنە شۇ ئوتنى ئۇلغايتىش، پەسەيتىش كېرەك بولغاندا، يەنە ئۇلغايتىش جەريانىدا يەلدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ «كۆرۈك»نى ئىجاد قىلغان.

«يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى تېرىچىلىك، ساپالچىلىق، توقۇمىچىلىق ئىدى»، «تېرىچىلىك كېيىنرەك كۆنچىلىك دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە بۇ كەسىپنى خوتۇنلار كەشىپ قىلغان. ئەرلەر سويۇپ بەرگەن تېرىلەرنى قۇرۇتۇش ۋە كېيىنچىرەك ئاشلاش، تېرىلەردىن ئېگىن ـ ئاياغ تىكىش، تېرىلەرنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكىگە بېقىپ كۆن ـ خۇرۇم، بېشۇلارنى ئەيلەش، يۇڭلىرىنى قىرقىپ ئېگىرىش قاتارلىق قول ـ ھۈنەرلەرنىڭ تولىسىنى دەسلەپتە خوتۇنلار ئىشلىگەن. ئاندىن يەنە كىرىچ، قېيىش، ساغرى، قوغۇش (ئاشلانمىغان تېرە، ئەيلەپ يۇمشىتىلغان تېرە)، تاتىرغا (ئاشلانغان ئاق تېرە)، قاسۇق (ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم)، پۇتىق (ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇمچە) قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىگەن» ⑥. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 508 ـ بەت) دا كۆرۈك (ھازىر بىر قىسىم رايونلاردا «كۆيەك» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) سۆزى ئېيتىلغان. مانا بۇ تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئەڭ دەسلەپكى كۆرۈك تېرىدىن ياسالغان دېيەلەيمىز. ئۇيغۇرلار ھايۋان گۆشلىرىنى ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئىشلىتىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ئۇيغۇرلاردا چۇۋىچىلىقنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇنلا كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا چارۋا ـ مال بېقىلغان. ئىپتىدائىي كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەنگەن...ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم تىكىلگەن» ⑦. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇيغۇرلاردا مىلادىدىن ئىلگىرىلا ھايۋانات تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش (كۆنچىلىك) تىن ئىبارەت كەسىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇنداق ئىكەن ئىپتىدائىي تېرە كۆرۈكنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەشىپ قىلىشىدا گەپ يوق.

تېرە كۆرۈك ئاساسلىقى ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلىنىدۇ: ئۆچكىنى «تۇلۇم» چىلاپ سويۇپ (ئۆچكە ياكى قوينىمۇ شۇنداق سويىدۇ)، يەنى، بوغۇزلانغان قوي ياكى ئۆچكىنىڭ گۆشىنى بويۇن تەرىپىدىن تېرىسىنى يارماي تىرناقلاپ تۇرۇپ ئالىدۇ. مانا بۇ تۇلۇمچىلاپ سويۇش دېيىلىدۇ. تېرىنى گۆشتىن ئاجرىتىپ ئالغاندىن كېيىن قوغۇش (ئاشلىماي قولدا ئەيلەپ يۇمشىتىش) قىلىدۇ. ئاندىن تېرىنىڭ تۆشۈك قالغان تۆت پاقالچىقى، بويۇن ۋە سۇيدۇكدان تەرەپلىرىنى يەل قاچىمىغۇدەك تىكىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇلۇم تەييارلىنىدۇ. مانا بۇ تۇلۇمنى سەپەرگە چىققاندا سۇ ۋە قىمىز ئېلىۋېلىش، قىزىل تالقان (جىگدە ۋە قوناق ئۇن تالقىنى) قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى سېلىۋېلىش، دەريادىن ئۆتكەندە پۇۋدەپ يەل توشقۇزۇلغاندىن كېيىن ئادەم قورسىقىغا تېڭىپ سۇغا كىرىش ۋە كۆرۈك قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەجدادلىرىمىز كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىپ كەلگەن.

كۆرۈك مۇنداق تەييار بولىدۇ: تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان ئۆچكە تېرىسىنى قوغۇش قىلىپ ئەيلەيدۇ. ئەيلەپ يۇمشاق رەخت ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن تۆشۈك بولغان ھەممە تەرەپىنى كىرىچ (تېرىدىن قىلىنغان يىپ)تا پىششىق تىكىۋېتىدۇ. بويۇن تەرەپكە 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى رەندىلەنگەن ئىككى تال ياغاچنى ئىككى تەرەپكە تىكىدۇ. ئىككى تال ياغاچنىڭ جۈپلىشىش (تېگىشىش) تەرىپىگە

يۇگلۇق تېرە ياكى كىگىز يەملەيدۇ. سىرت تەرىپىگە بارماقنى كىرگۈزۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈدەك شوينا ياكى قەيىش (كۆن ـ خۇرۇم پۇرۇچى) بېكىتىلىدۇ. ئاياغ تەرىپىگە 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا نەيچە (ئىچى كاۋاك) قىلىنغان توغراق ياكى تېرەك ياغىچىنىڭ بىر ئۇچىنى تېرىگە كىرگۈزۈپ بېكىتىدۇ (يەل قاچمىغىدەك قىلىپ قىيىشتا بوغۇۋېتىدۇ).

كۆرۈك نوقۇل ھالدا تۆمۈرچىلىكتىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، كۆچمەن ئاھالىلەرمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئاشۇ كۆچمەنلىك دەۋرلەردە ئاھالىلەر ئوتۇندىن سىرت، ئات ـ ئۇلاغ تېزەكلىرىنى قالىغان. بۇ مەزگىلدە گۆگۈت (سەرەڭگە) كەشىپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئوتۇن چوغلىرىنى كۈلدە كۆمۈپ قويۇپ ئەتىسى پۈۋدەش ئارقىلىق ئوتنى يېلىنجىتىپ، ئۇلغايتىپ ئوت قالاشنى ئادەت قىلغان. مانا شۇنداق بىر خىل تەقەززالىق تۇرمۇش ئادىتى كۆرۈكنى ئائىلىلەردىمۇ ئىشلىتىشنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنچە تۆمۈرچىلىكتە ياغاچ كۆرۈك ئىشلىتىش ئومۇملاشتى.

ياغاچ كۆرۈك مۇنداق ياسىلىدۇ: بۇ، چوڭ ـ كىچىك ھەرخىل بولۇپ، ساندۇق شەكلىدە ياغاچتىن ياسىلىدۇ. تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقى ئاستىغا ساندۇقتىن چىققان كىچىك نو (ياغاچ ياكى تۆمۈردە ئىشلىنىدۇ) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ساندۇقنىڭ ئىچىگە تارتقۇ بېكىتىلىدۇ. تارتقۇنىڭ ساندۇق ئىچىدىكى تۆت تەرىپىگە ساندۇققا جىپىس كەلگۈدەك چاسا ياغاچ جازا ياساپ بۇ جازىنىڭ ساندۇققا تېگىشىش يۈزىگە يۇگى قىرقىلمىغان تېرە چاپلىنىدۇ. تارتقۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىش ۋە تارتىلىش جەريانىدا ساندۇق ئىچىدە يەل پەيدا بولۇپ، تارتقۇنى ئىتتىرگەن چاغدا ئوچاق ئاستىدىن ئوتنى يالقۇنجىتىدۇ. ياغاچ كۆرۈك تۇرمۇشىمىزدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①②④⑦ ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» 1996 ـ يىلى نەشرى.

③⑤⑥ ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 ـ يىلى 4 ـ سان.

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن.

MIRAS

# تاغ خەلقىنىڭ قوندۇرۇق ئادىتى

دىلشات ھەبىبۇللا

تاغلارنىڭ شەھەر، بازارلاردىن يىراق، چەت، بېكىنمە ھالەتتىكى يەر شەكلى نۇرغۇن قەدىمىي ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەتلەرنى ساقلاپ قالغان.

تاغ خەلقىنىڭ «قوندۇرۇق» ئادىتى دەل مۇشۇ قەدىمىي ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ئادەت قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار، چوپان... قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدا (ئېھتىمال باشقا جايلاردىمۇ بولۇشى مۇمكىن) ساقلىنىپ قالغان ئېسىل ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بۇ جايلاردا توي بولغان كۈنى كەچلىكىدىن باشلاپ بىر ھەپتىگىچە (ھەتتا ئون، ئون ئىككى كۈنگىچە) يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى نۆۋەت بىلەن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى باشچىلىقىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرىنى (تويى بولغان يىگىتتىن بۆلەك) ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ (تونۇشۇشقا) ئېلىپ كېتىدۇ. ئەتىسى قوي سويۇپ، قازان ئېسىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى جەم قىلىدۇ. يىگىتنى ۋە يىگىت قولداشلىرىنى داستىخانغا داخىل بولۇشقا چاقىرىدۇ.

بۇ خىل ئادەت «قوندۇرۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

قوندۇرۇقتا ئادەتتە كۆپرەك پولۇ ئېتىلىدۇ.

قوندۇرۇق ئادىتى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالا (يىگىت) ئوتتۇرىسىدىكى پەدىشەپنى ساقلاش، بالىلارنىڭ توي كېچىسى قورۇنۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، شەرم ـ ھايالىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ئادەت غەربلىكلەرنىڭ «شېرىن ئاي» ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى «قوندۇرۇق»تا ئۆيدىن كېتىپ قالىدىغىنى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە بىر تۇغقانلىرىدۇر. بۇ ئېسىل ئادەت ھېلىمۇ تاغلىق رايونلاردا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە پۇسار چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىدىن.

# دوپپا ئويۇنى



مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار

دوپپا ئويۇنى—ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ھەممىدىن بەك ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان، قويۇق يەرلىك پۇراق، ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە جىنس خاسلىقىغا ئىگە، تارىخىي قىممىتى، رېئال ئەھمىيىتى زور ئەڭ قەدىمىي ئويۇنلارنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇنى ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ كەلگەن. ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ سانسىزلىغان كىچىك دوستلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالماقتا.

دوپپا ئويۇنى تەبىئىي شارائىت، يۇرت ئايرىمىسى، ياش ۋە جىنس پەرقى، بەدەن قۇرۇلمىسى، مىجەز ـ خاراكتېرى، ئېتىقاد، ھايات، دۇنيا ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان خاس قارىشى، ئىرادىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، بۈگۈن ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئېستېتىك تەربىيىلىنىشى، ئەخلاق پەزىلىتى قاتارلىقلارغا مۇناسىپ شەكىل، دەرىجە، سۈپەت، رەڭ ھەتتا خام ماتېرىيال نۇقتىسىدىن ئىنچىكە پەرقلىنىدىغان ئەنئەنىۋى دوپپىلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. دېمەك، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرىنى مەھلىيا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ كېلىۋاتقان دوپپا ئويۇنىنى مىللىتىمىزنىڭ قول ـ ھۈنەر سەنئەت جەۋھەرلىرىنىڭ بىر ناماياندىسى بولغان خاسىيەتلىك دوپپا بارلىققا كەلتۈرگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

دوپپا ئويۇنى (بەزىدە بۆك ئالماشتۇرۇش ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ياز، كۈز پەسىللىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا، پاكىز، ئازادە مەيدانلاردا 10 ـ 15 نەپەر قىز تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ.

قىزلار ئۆيۈن سورۇنىغا يۈز ـ كۆزى ۋە چاچلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، باللارغا خاس ياسىنىپ ـ تارىنىپ، رەتلىك كىيىنىپ، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان دوپپىنى كىيىپ كېلىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغان قىزلار ئىككى «ئانا»نىڭ رەمبۇت ئېلىشى ئارقىلىق تەڭ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، ئاندىن چەمبەر شەكلىنى ھاسىل قىلىپ ئارىلاش ئولتۇرغاندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن ھېكايە ئېيتىدۇ.

A تەرەپتىن خالىغان بىر قىزنىڭ كۆزى B تەرەپتىكى بىر قىز تەرىپىدىن تېڭىلىدۇ (ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتۇلسىمۇ بولىدۇ، كۆزى تېڭىلىدىغان قىز دوپپىسىنى ئېلىۋېتىدۇ). ئاندىن B تەرەپتىن بىر قىز ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ «ئانا»لارنىڭ ماقۇللۇقى ياكى كۆرسەتمىسى بويىچە، ئولتۇرغان قىزلار ئىچىدە بىرسىنىڭ دوپپىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ، كۆزى تېڭىلغان قىزنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويىدۇ ـ دە، دەرھال ئورنىغا قايتىپ ئولتۇرىدۇ. شۇ چاغدا كۆزى تېڭىلغان قىزنىڭ «ئانا»سى ئۇنىڭغا بېشىدىكى دوپپىنىڭ ئىگىسىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تېپىشقا ئىجازەت بېرىدۇ. بۇنىڭ شەرتى: ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلىش، دوپپىنى بېشىدىن قولىغا ئالماي پەقەت سىرتىدىن سىلاپ بېقىش بىلەنلا كۇپايىلىنىش، دوپپىنى خالىغانچە مالتىلىماسلىق، سورۇن تەرتىپىگە كۆزى تېڭىلمىغان باشقا باللارغا ئوخشاش بويسۇنۇش، دوپپا ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى ھەققىدە ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلىمەسلىك، باشقىلاردىن ياردەم كۈتمەسلىك، تەسەۋۋۇرىنى دەرھال ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇش بىلەن بىر چاغدا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كۆزى تېڭىلغان قىز پەقەت پەرەز ياكى تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، دوپپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، سىرتقى يۈزىگە نەقىشلەنگەن ھەر خىل گۈللەردىكى قاپارتمىلارنىڭ قولىغا ئۇرۇلۇشى، دوپپا ئىگىسىنىڭ دوپپىدىكى خاس پۇرىقى، چاچ ياكى چاچقا سۈرتكەن چاچ ماي پۇرىقى قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ دوپپا ئىگىسىنى تاپىدۇ. كۆزى تېڭىلغان قىز چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە دوپپا ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمىسە، باشقا بىر بالىنىڭ دوپپىسى كىيگۈزۈلىدۇ. يەنە تاپالمىسا، ئوخشاشلا دوپپا ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ دوپپىلىرى بىر قېتىمدىن كىيگۈزۈلگەن ئەھۋالدىمۇ بىرەر دوپپىنىڭ ئىگىسىنى تاپالمىسا، ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك ئويۇنغا قاتنىشىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ناۋادا دوپپا ئىگىسىنى بىلىۋالسا، دوپپا ئىگىسى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. ئويۇن ئاشۇ ئۇسۇلدا داۋاملىشىپ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىمدىن «تاپقۇچى»، «كۆزى تېڭىلغۇچى»بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ئويۇن باللاردا دوپپا ۋە ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىگە رەڭگارەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن سىمۋول خاراكتېرلىك نەقىشلەنگەن ھەر خىل شەيئىلەر (ئاتا ـ بوۋىسى ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلاردا مۇقەددەس سانالغان ئاي، تاغ، بادام قاتارلىقلار) ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئەجدادىنىڭ تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىسىنى ئورگانىك ھالدا باغلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. جۈملىدىن، ئۇلارنى كىچىكىدىنلا ئۆز ـ ئۆزىنى سۆيۈش،گۈزەللىككە ئىنتىلىش، ھەققىي قىزلارغا خاس زىلۋالىق، لاتاپەت، ئۆزگىچىلىكلەرگە يېتەكلەپ، تېگىشلىك سورۇن ۋە ۋاقىتلاردا (ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى، ئايەم ـ مەرىكىلەرگە قاتنىشىش، مۆتىۋەرلەر بىلەن تۇنجى دىدارلىشىش، يىراق سەھرالارغا بېرىش قاتارلىق ماكان ۋە زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك سورۇنلاردا) دوپپا كىيىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇتىدۇ، ئۇلاردا قىزئۇيغۇر باللىرىغا خاس مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، دوپپىغا كېتەرلىك خام ماتېرىياللار بىلەن يۈزەكى بولسىمۇ تونۇشۇش، توغرا تەسەۋۋۇر، پەرەز ياكى سېزىمچانلىققا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئىنچىكە تەبىئەتلىك بولۇش، تازىلىق، سالامەتلىككە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ھازىرلاشقا دالالەت قىلىدۇ.

ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا

MIRAS



# ئۇيغۇرلاردا شۇڭقار مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى

ئىدرىس قۇددۇس ئەركزات

ئوۋچىلىق ـ ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ بىر باسقۇچى بولۇش سۈپىتىدە، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئېھتى-ياجى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۇنجى ئىگىلىك شەكلىدۇر. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئالتاي، تەڭرىتاغ ۋە قارا قۇرۇمدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىپايان زېمىنلار دەل ئوۋچىلىق-تىن ئىبارەت قەدىمكى ئىگىلىك شەكلىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە رايونلار ئىدى. ئوۋچىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى قەدىمكى زامانلاردىلا بىر پۈتۈن ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلار بىلەن دائىملىق ئۇچرىشىپ، ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ۋە تونۇشقا ئىگە بولغان ھەمدە تۇرلۇك ـ تۈمەن جانلىقلار ئىچىدىن ئۆز تۇرمۇشىغا يېقىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوۋ قىلىش، ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇر-دىغان بىر قىسىملىرىنى تاللاپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنى قولغا كۆندۈرگەن. ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈ-رۈشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ شۇڭقار، لاچىن، بۈركۈت دېگەندەك يىرتقۇچ قۇشلارمۇ قولغا ئۆگىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئوۋچىلىق ئىگىلىكى يەنىمۇ بىر قەدەم يۈكسىلىپ، يېڭى بىر تەرەققىيات باس-قۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىكى بۇ خىل تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىق-تىسادىي فولكلورىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شۇن-داقلا تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئىدىيىۋى ئاساس ياراتقان. شۇڭقار، لاچىن، بۈركۈتكە ئوخشاش قارا قۇش تىپىدىكى قۇشلار-نىڭ قولغا كۆندۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى باتۇرلۇقى، چاققانلىقى، سەزگۈرلۈكى قاتارلىق ئالاھىدى-لىكلەر ئوۋچىلىق ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدىغان ئەج-دادلىرىمىزدا بۇ خىل قۇشلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆ-رمەتلىك، قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان، بارا ـ بارا

بۇ خىل تۇيغۇ تەرەققىي قىلىپ بۇ قۇشلارنى ھاياتلىقتىكى تايانچ دەپ بىلىپ ئۇلارغا ئۇلۇغلاش نەزەرى بىلەن قارايدىغان بولغان. بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئاڭ ۋە قاراشلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى، سىرلىق شەيئىلەرنى ئۇلۇغلاش داۋامىدا شەكىللەنگەن توتېملىق ئېتىقادلار بىلەن بىرلىشىپ بۇ خىل قۇشلارنى مۇقەددەس بىلىدىغان، ھەتتا توتېم قىلىپ چوقۇنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزدا «شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى» ① نى مەركەز قىلغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسى بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا تېپىلغان «قەدىمكى ئوۋ قوراللىرى»، «قىيا تاش رەسىملىرى» قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە تارىخىي ئىزلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇڭقار، بۈركۈت تىپىدىكى قۇشلارنى كۆندۈرۈشى، تىۋىنىشى قاتارلىق ئوۋچىلىق ھاياتىنىڭ روشەن خاتىرىلىرىنى ئەينەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇڭقار ـ ئاز كۆرۈلىدىغان يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، قۇشلار ئائىلىسىدىكى خاراكتېرى ۋەھشىي، بەدىنى كۈچلۈك، ئۇچۇش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان قۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بوشلۇقتىكى ئۇچۇش ۋە شۇڭغۇش سۈرئىتى پەۋقۇلئاددە تېز، ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىر بولۇشتەك كارامەتلىرى ئۇنى «بوشلۇقتىكى مۇنەۋۋەر ئوۋ ماھىرى»، «بوشلۇق ئىمپېراتورى» دېگەن ئىزگۇ ناملارغا ئىگە قىلغان. «شۇڭقار» سۆزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە: «بۈركۈت تىپىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك، يىرتقۇچ ئوۋ قۇشى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ ھەمدە «باتۇر، قەھرىمان، مەرد، پالۋان كىشىلەرگىمۇ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ» ② دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «شۇڭقار»، «لاچىن» دېگەن سۆزلەر ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ، «شۇڭقار ـ يىرتقۇچ قۇشلاردىن بىرىنىڭ نامى» ③ . «لاچىن ـ بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش، باتۇر يىگىتلەرمۇ ‹لاچىن› دېيىلىدۇ» ④ دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ ھەمدە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا: «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى ‹لاچىن›نىڭ قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا ئارقىسىغىمۇ شۇنداق ئاتىدىكەن، زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ھەمدە ئۇيغۇرلار ‹ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ›، دەپتۇ» ⑤ دېگەن باياننى تىلغا ئالىدۇ. بىز يۇقىرىقى ئىزاھ ۋە بايانلاردىن ئۇيغۇرلاردىكى باتۇرلۇققا ئىنتىلىدىغان، قاراملىققا ھەۋەس قىلىدىغان، مەردلىكنى ئەلا بىلىدىغان پسىخىك روھنىڭ يېتىلىشى قاتارلىقلارنىڭمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە بىۋاستە باغلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئۇچار قۇش توتېمى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ توتېمىدا خېلى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىندىئان ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇچار قۇشلارنى توتېم قىلىدىغان ئۇرۇقلار كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىگەن ⑥ . ئىنسانلار يىرتقۇچ قۇشلارنى مەشقلەندۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان 3 ـ 4 مىڭ يىللار مابەينىدە، مەيلى شۇڭقار بولسۇن ياكى بۈركۈت ۋە ياكى لاچىن بولسۇن، ئىشقىلىپ بۇ تۈردىكى ئوۋ ئوۋلىيالايدىغان قۇشلار، ھايۋانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىك شەكلى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى مۇقەددەسلىك قاراشلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە «شۇڭقار مەدەنىيىتى» بولۇپ شەكىللەندى. نۆۋەتتە، بۇ خىلدىكى قۇشلار نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە ئەنئەنىسىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى بىر قىسىم ئاقسۆڭەك ۋە دۆلەتمەن كىشىلەر ھېلىمۇ ھەم ئۇنى مەرتىۋە ۋە سالاھىيەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت گېربى، دۆلەت بايرىقى ۋە پۇللىرىغا قەدەر شۇڭقار ياكى بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى قۇشلارغا ئۇلۇغلاش نەزەرى بىلەن قارايدىغانلىقى، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقى ۋە قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچار قۇشلارنى ئىززەتلەيدىغان ۋە توتېم قىلىدىغان ئادەت بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان «دى» ( 狄 ) قوۋمى شۇڭقارنى توتېم قىلغان ⑦ ھەمدە قوۋم ئەزالىرى بېشىغا قۇش پەيلىرىنى تاقىغان. باش كىيىمىگە قۇش پەيلىرىنى تاقاش تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئارىسىدىمۇ خېلى كەڭ تارقالغان. 1979 ـ يىلى قەدىمكى كۆنچى ۋادىسىدىكى ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقىدىن ئۈستىگە قۇش پەيلىرىنى تاقاپ قويۇلغان ئاخىرەتلىك

بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. «كرورەن گۈزىلى»مۇ بېشىغا قۇش پېيى قادالغان ئۇچلۇق دوپپا كىيگەن [8]. بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن قۇش پېيىنى ئېنىق شۇڭقارنىڭ دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئەمما مەيلى قايسى قۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئىشلىتىلگەن قۇش پېيى جەزمەن شۇنى ئىشلەتكۈچىلەر ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۇلۇغلايدىغان قۇشلارنىڭ پېيىدۇر. بۇ نۇرغۇن ئىپتىدائىي ئۇرۇق ۋە قوۋملاردىكى ئورتاق بولغان ئادەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەت ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە ھېلىھەم مەۋجۇت.

قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئاتاقلىق تارىخچىمىز موللا مۇسا سايرامى (1836 ـ 1917 يىللىرى) ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە: «يافەسنىڭ ئوغلى چىن، ئوغلى ماچىن ئۈچۈن بىر شەھەر بىنا قىلدى ھەمدە ئۇنى ماچىننىڭ نامى بىلەن ئاتىدى، ماچىن پەرزەنتلىرىگە بۈركۈت بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتتى. قۇشلارنىڭ ئىچىدە ئەنقا دەيدىغان ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇش بار بولۇپ، ئۇلار بۇ قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە باشلىرىغا قىسىدىغان بولدى ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ جەڭلەردە مۇشۇ قۇشنىڭ پەي ـ قاناتلىرىنى باش كىيىمگە قىسىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەت ئومۇملىششقا باشلىدى، بۇ ئادەت مەنسەپدارلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا» [9] دەپ بايان قىلغان.

يۈەن خېنىڭ 4 ـ يىلى يەنى مىلادى 809 ـ يىلى ئاي تەڭرىلى بولمىش قامۇش بىلگە قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ خېلى ۋاقىتتىن بېرى خەنزۇچە «خۇيخې» (回纥 ـ ئۇيغۇر) دەپ ئاتىلىپ، يېزىلىپ كېلىۋاتقان مىللەت نامىنى بۇنىڭدىن كېيىن «شۇڭقاردەك تېز يۈرىدىغان ھەم تېز ھۇجۇم قىلىدىغان»دېگەن مەنىگە ئىگە «خۇيخۇ» (回鹘 ـ ئۇيغۇر) دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى ۋە يېزىشنى ئۆتۈنگەن [10]. دېمەك، بۇ يەردىمۇ شۇڭقارغا بولغان يوشۇرۇن ئېتىقاد ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوغۇزلار 24 ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 20 ئۇرۇقنىڭ توتېمى ئاساسەن دېگۈدەك شۇڭقار، بۈركۈت، قارىچۇغا، قۇرغۇي ۋە لاچىن قاتارلىق قۇشلاردىن ئىبارەت بولغان [11]. بۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملاردا قۇش توتېمىنىڭ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە خان ـ ئەمەلدارلار ئۆز ناملىرىنى ھەر خىل يىرتقۇچ قۇش ياكى ھايۋاناتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان ھەمدە بۇ ناملارنى ھۆرمەت ناملىرى سۈپىتىدە شەرەپ بىلىپ ئىشلەتكەن [12]. مەسىلەن، «چاغرى تېكىن (بۈركۈت)» «سار تېكىن»، «ئارسلان تېكىن»، «ئارسلانخان»، «بارسخان»... دېگەندەكلەر.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇڭقار ۋە باشقا ئۇچار قۇشلارغا بولغان ئۇلۇغلاش قاراشلىرى ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ، خەلقىمىز ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلىنىش ئارقىلىق ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بۇ خىل تەركىب ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. خەلق داستانلىرىدا شۇڭقار قەھرىمانلار ئوبرازىغا سىمۋول قىلىنسا، خەلق قوشاقلىرىدا شۇڭقار (قۇرغۇي) يارغا ئوبرازىغا تەققاس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «سېيىت ئاخون، سېيىت گاڭگۇك، جېنىدىن جۇدا بولدى، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شۇڭقارى ئادا بولدى». «قۇرغۇيۇك بولاي، بېشىڭغا قوناي، سۆيگەن يارىم قايدا بولسا، شۇ جايدا بولاي». ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ شۇڭقار، بۈركۈت قاتارلىقلار ئوۋچىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئادەملەرنىڭ نىجاتكارى، ئىگىسى ئۈچۈن قىساس ئالغۇچى بولۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ھەممىسى شۇڭقارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ ئەل ئەدەبىياتىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى ئەجدادلىرىمىز شۇ قۇشلارنىڭ ياشايدىغان ئورنى ۋە تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، شۇ قۇشلار ماكانلاشقان جايلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قارا قورۇم تاغ تىزمىسىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8740 مېتىر بولغان دۇنياغا مەشھۇر ئىككىنچى ئېگىز چوققا ـ «چاغرى (چوگۇر) چوققىسى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ قاپتاللىرى شۇڭقار، بۈركۈت دېگەندەك قۇشلار بىر قەدەر كۆپ ماكانلاشقان جاي بولغاچقا، كىشىلەر بۇ چوققىنى «چاغرى چوققىسى» (بۈركۈت چوققىسى) [13] دەپ ئاتىغان ۋە ھازىرمۇ شۇنداق ئاتاپ كەلمەكتە.

خەلقىمىز ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىدا قۇشلارنى ئۇۋچىلىقتىن باشقا كېسەل داۋالاش، تېبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، قۇش بىلەن كېسەل داۋالاش ئادىتى بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چىپان، ئۇششاقباش قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا «قۇش باخشى»دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېسەل داۋالاش ئادىتى بولۇپ ⑭ ، بۇ ئادەت قولغا كۆندۈرۈلگەن قارا قۇش (شۇڭقار ياكى بۈركۈت) ئارقىلىق «ئال كېسىلى»نى داۋالايدىغان باخشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتىدە سېزىلمىگەن بىر ھادىسە بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدە فولكلورلۇق ئادەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇشى ئۇۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا زور رول ئوينىغانلىقىنى، «شۇڭقار مەدەنىيىتى»نىڭ خەلقىمىز تۇرمۇشىغا خېلى روشەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇۋچىلىقتىن باشقا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. گەرچە بۇ مەزگىللەردە ئىگىلىك شەكلىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز ئەنئەنىۋى ئۇۋچىلىق ئىگىلىكىنى بۇ يېڭىچە ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنى قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلورىغىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دىيارىمىزدىكى تەبىئىي شارائىتى قۇلاي، شەھەردىن يىراق بولغان چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا ئۇۋچىلىق ـ تۇرمۇشتىكى بىر خىل زوق ـ ھەۋەس ياكى قوشۇمچە كەسىپ سۈپىتىدە قىسمەن داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەمما، ئۇ بىر پۈتۈن ئىگىلىك سۈپىتىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. يورغا ئاتلارغا مىنىشىپ، پۈتىغا ئۆتۈك، باشلىرىغا ئۇچلۇق تۇماق كىيىشكەن، قولغا قوندۇرۇۋالغان بۈركۈت ياكى قارچىغىلىرى بىلەن تېخىمۇ ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان جەسۇر ئۇۋچىلارنىڭ سىماسى بارا ـ بارا كۆز ئالدىمىزدىن يوقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن شۇڭقار مەدەنىيىتىمۇ پەيدىنپەي زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يۈز بەرگەن سۈنئىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر بۇ خىل ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوبيېكتىپ سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نوقۇل ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلغان بوزيەر ئېچىش، كان ئېچىش، دەرەخ ۋە تەبىئىي ئورمانلارنى كۆپلەپ كېسىش ۋە ۋەيران قىلىش، يايلاقلارنى بۇزۇش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن ئۇچار قۇش ۋە ھايۋاناتلار ئۆز ماكانىدىن ۋە ئوزۇقلۇق مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى پاناھلىق ئىزدەپ باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتتى ياكى نەسلى قۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. مەسىلەن، 1958 ـ يىلىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دولقۇنىدا يۈز بەرگەن قالايمىقان دەرەخ كېسىش، پولات تاۋلاش، كان ئېچىش، قارىغۇلارچە بوزيەر ئېچىش قاتارلىق ناچار ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن تەبىئىي ئورمان، يايلاق ۋە سۇ مەنبەلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي شىنجاڭدىكى قۇملۇق ۋە تەبىئىي بوستانلىقلارنى ماكان ئېتىپ، ئىنسانلار بىلەن ئورتاق ياشاپ بوستانلىق مەدەنىيىتىگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشقان، ئەزىز «مېھمان» ئەتىۋارلىق ھايۋان ـ شىنجاڭ يولۋىسى نەسلى قۇرۇپ، تەبىئەتتىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. يەنە نۇرغۇن ھايۋانلارمۇ مۇشۇنداق مۇشكۇلاتلارغا دۇچ كەلدى ھەم كېلىۋاتىدۇ. بىز تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزگىچە پارلاق مەدەنىيەت مەنبەسىگە ئىگە شۇڭقار دەل ئەنە شۇنداق جانلىقلارنىڭ بىرىدۇر.

شۇڭقار ـ تارقىلىش كۆلىمى ئىنتايىن كەڭرى بولغان قۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تۈردىكى قۇشلار پۈتۈن ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئورمان يايلاق بەلبېغى، ئاسىيانىڭ غەربى، ھىندىستاننىڭ شىمالىي رايونلىرى، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە ۋە روسىيىنىڭ غەربى، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقالغان. ئېلىمىزدە بولسا شۇڭقار ئاساسلىقى شىمالىي جۇڭگو رايونلىرى، شىنجاڭ، شىزاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4800 مېتىردىن ئېگىز بولغان جايلاردا، جۇملىدىن، كوئېنلۇن تاغلىرىدىكى تىك يارلار، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقلارغا ئوخشاش جايلاردا ياشايدۇ. شۇڭقارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، تاغلاردا، دەريا، جىلغىلاردا، ئوتلاقلاردا ھەم كەڭرى

كەتكەن قاقاس داللاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. مۇتـەخـەس-
سىسلەرنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىر يەر شارىدا
پەقەت 30 مىڭدىن 40 مىڭغىچە شۈڭقار بارلىقى مەلۇم.
جۇڭگودا بولسا بۇ سان تېخىمۇ كىچىك. جۇڭگو پەن –
تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ 2004 – ، 2005 – يىللىق تەكشۈ-
رۈش دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، پۈتۈن جۇڭگودىكى
شۈڭقارنىڭ ئومۇمىي سانى 1100 ئەتراپىدا بولغان. نۆۋەتتە
يەر شارىدىكى شۈڭقار تارقالغان ئاساسلىق رايونلاردىمۇ
شۈڭقار سانى تېز سۈرئەتتە كېمىيىپ بارماقتا ئىكەن ⑮ .
شۈڭقار سانىنىڭ بۇنداق جىددىي ئازىيىپ كېتىشى ئۆز
نۆۋىتىدە ئېكولوگىيىلىك تەكشۈكلۇققا، جانلىقلار زەنجى-
رىنىڭ نورمال ھالىتىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلـــدۇ.
جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى، جۈملىدىن، رايونىمىز ئۇزاق
مۇددەت بېكىنمە، ئېچىۋېتىلمىگەن ھالەتتە تۇرغان بول-
غاچقا، شۈڭقار ئۆزىنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئىگە
بولغان ھەم نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش، كۆپىيىش پۇر-
سىتىگە ئېرىشكەن. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تەسىرى-
دە ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان ئېچىش ۋە قۇرۇش ئىش-
لىرى شۈڭقارلارنىڭ ماكانى ۋە ئوزۇقلۇق مەنبەسى بولغان
تاغلار ۋە ئورمانلىقلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. پۇلغا
قىزىقىش ۋە مەنپەئەت قوغلىشىش سەۋەبلىك قىسقا مۇد-
دەت ئىچىدىلا يولۋاس، بۆرە، شۈڭقار قاتارلىق قىممەتلىك
جانلىقلار بايلىقى يوقالدى ياكى يوقىلىش گىردابىغا بې-
رىپ قالدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلساق
تۆۋەندىكى بىر قانچە ئامىلغا بېرىپ چېتىلىدۇ:

**1) قالايمىقان ئوۋ ئوۋلاش**

شۈڭقار ئەزەلدىن ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئارقا
كۆرۈنۈشىگە ئىگە قۇش بولغاچقا، نۇرغۇن ئەللەردە بۇ
قۇش ھوقۇق، مەرتىۋە ۋە سالاھىيەتنىڭ سىمۋولى دەپ
قارالغان. ئەرەب ئەللىرىدە پادىشاھلار، ئەمــەلـدارلار ۋە
دۆلەتمەن باي ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا بۇ قۇش ھوقۇق،
مەرتىۋە ۋە سالاھىيەتنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماســتىن،
بەلكى بۇ كىشىلەر يەنە مەخسۇس مۇشۇ قۇش بىلەن ئوۋ
ئوۋلاش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ-
لارنىڭ شۈڭقارغا بولغان ئېھتىياجى ھەسسىلەپ ئېشىپ،
ئۆز دۆلىتى تەۋەسىدە شۈڭقار يېتىشمىگەندە باشقا جاي-
لاردىن يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىش، ھەر خىل ناملار بىلەن
مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، قانۇنسىز شۈڭقار تۇتۇش
ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ جايدىكى شۈڭقار-
لارنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. بۇنداق ئەھ-
ۋاللار شىنجاڭدىمۇ خېلى كۆپ كۆرۈلگەن بولۇپ، رايو-
نىمىزدىكى شۈڭقار مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ۋە زىيانغا
ئۇچرىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاتاقلىق
يازغۇچى ۋە شائىر ھاجى قۇتلۇق قادىرىنىڭ «خەير –
خوش، مۇساپىر شۈڭقارلار» ⑯ ناملىق ئەدەبىي خاتىرى-
سى ئەڭ تىپىك مىسال، پولاتتەك ئىسپات بولالايدۇ. ئۇلار
يەنە شۈڭقارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىش، ھەمكارلاشقۇ-
چىلارغا كۆپ ھەق بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق
بىر قىسىم چارۋىچىلار، ھەتتا دۆلەت خادىملىرىنىمۇ ئۆزى
ئۈچۈن «مال» تۇتۇشقا ۋە ئۆزىنى قوغداشقا يالىلىغان.
ئادەتتىكى شۈڭقارنىڭ باھاسى 1000 – 2000 يۈەنگىچە،
ئەلا سۈپەتلىك ئالتاي شۈڭقارلىرىنىڭ باھاسى ئەڭ يۇقى-
رى بولغاندا نەچچە ئون مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.
شۈڭقار باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن بىر قىسىم جايــلار
مەخسۇس قانۇنسىز شۈڭقار تۇتۇش، سېتىشتەك ئەتكەس-
چىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1990 – يىللاردىن
كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ تاموژنا ئورۇنلىرىدا كۆپ قېتىم
شۈڭقار ئەتكەسچىلىك دېلولىرى يۈز بەردى. تېخىمۇ قى-
زىقارلىق بولغىنى شۇكى، شۈڭقار يوق بولغان بېيجىڭ،
شاڭخەي ھەتتا شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇ خىل
ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇردى. ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تە-
رەققىي قىلىشى، قارىغۇلارچە پۇل مەنپەئەت قوغلىشىشنىڭ
تەسىرىدە ئاتالمىش ئەنئەنىۋى شۈڭقار مەدەنىيىتى پەي-
دىنپەي ئۆزگىرىپ شۈڭقار يوقىتىش ھەرىكىتىگە ئايلان-
دى. بۇ خىل ھالەتنىڭ تەسىرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي
شىمالىدىكى شۈڭقارلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازىيىپ،
نەسلىنى ساقلاپ قېلىشمۇ مۈشكۈل بولغان ۋەزىيەتـكـە
دۇچ كەلدى. ھازىر نىڭشيادىكى شۈڭقارلارنىڭ ئومۇمىي
سانى 100گە، شىنجاڭدا بولسا 600 گىمۇ يەتمەيدۇ⑰ .

**2) ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
رىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى**

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئېچىۋېتىش پائالىيەتلــرى،
سۈرئەت، مەنپەئەت، بايلىق قوغلىشىشنى مەقسەت قىلغان
دولقۇن خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئۆزگەرتىش پائالى-
يەتلىرىنىڭ سەلبىي تەسىرى داۋامىدا، ئېكولوگىيىلىك مۇ-
ھىتقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورمان، ئوتلاق، تە-
بىئىي بوستانلىق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، شۇنداقــلا دەريــا،
كۆل قاتارلىق قىممەتلىك تەبىئىي بايلىقلار زىيادە بۇز-

2007.2

غۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قۇشلار ۋە
جانلىقلار ئۇۋا ـ ماكانلىرىدىن، ئوزۇقلۇق مەنبەسىدىن
ئايرىلدى. كىشىلەرنىڭ تاغلارنى يېرىش، پارتلىتىش، كۆ-
مۈر كۆيدۈرۈش قاتارلىق مۇھىت بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن
قۇشلار بۇ يەردە ياشىيالماي قالدى. بۇ خىل تىنىچسىز
مۇھىتتا شۇڭقارمۇ تۇخۇم تۇغۇپ ئەۋلاد قالدۇرالمىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرى،
جۈملىدىن، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم كەڭ
كۆلەملىك چاشقان يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغانلىق-
تىن نۇرغۇن يىرتقۇچ قۇشلار زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. شۇڭ-
قارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە!

شۇڭقار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوزۇقلۇق زەنجىرىدە
ئەڭ ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدىغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭ-
پۇڭلۇقنى ساقلاشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان قۇشتۇر.
ئۇ، ئاساسلىقى چاشقاننى ئوزۇقلۇق مەنبەسى قىلىدۇ.
تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە بىر شۇڭقار ئاز دېگەندىمۇ
60مو يەردىكى چاشقاننى يوقىتالايدىكەن. شۇڭا كىشىلەر
ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭغا «يايلاقنى
قوغدىغۇچى ئىلاھ»دەپ نام بەرگەن. ئەگەر ئۇنىڭ مۇشۇ
خىلدىكى رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق
دورىلىرى ۋە باشقا زەھەرلىك دورىلار ئازراق ئىشلىتىل-
گەن بولسا ئىدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتمۇ بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىمىغان، مۇشۇك، شۇڭقار قاتارلىق جانىۋارلارمۇ پا-
جىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن
باشقا يۇقىرى بېسىملىق توك سىملىرىغا سوقۇلۇپ كېتىش،
بۇلغانغان سۇ ۋە يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ھەمدە
يېمەكلىككە ئارىلىشىپ قالغان شوينا ۋە خىمىيىلىك تالا-
لارنى يەپ ھەزىم قىلالماي ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىقلارمۇ
شۇڭقارلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان ھادىسە-
لەرنىڭ بىرىدۇر.

شۇڭقارنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچار
بولۇشى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ
يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەمدە زور كۈچ
بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ ياخشى ھەمرا-
ھى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ «ئىمپېراتور»نى قاتتىق قوغ-
داشقا باشلىدى. 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا موڭغۇلىيە خەلق
جۇمھۇرىيىتىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق يىغىندا ياۋروپا
چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى شۇڭقار مەسىلىسى مەخسۇس مۇ-
ھاكىمە قىلىندى. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى
ئەبۇ زەبىدە «شۇڭقار دوختۇرخانىسى» قۇرۇلۇپ
1999 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە 3000 مىڭدەك شۇڭقار قۇتقۇ-
زۇۋېلىندى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ تېخنىكىسى ئىلغار، داۋا-
لاش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغانلىقتىن ھازىرمۇ شۇڭ-
قارلارنى قۇتقۇزۇش، قوغداش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش خىز-
مىتىدە ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئويناۋاتىدۇ. «خەلقئارا
شۇڭقار قوغداش تەشكىلاتى»، «دۇنيا شۇڭقار ئىتتىپا-
قى»قاتارلىق تەشكىلات ۋە ئىتتىپاقلار قانۇنسىز شۇڭقار
سودىسى، شۇڭقار قوغداش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش قاتارلىق
مەسىلىلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. «دۇنيا تەبى-
ئەتنى قوغداش جەمئىيىتى»مۇ مەخسۇس «قىزىل تاشلىق
كىتاب» چىقىرىپ شۇڭقارنى نەسلى قۇرۇش گىردابىغا
بېرىپ قالغان ھايۋانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. مەملى-
كىتىمىز خېلى بۇرۇنلا بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىپ ۋە
ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇڭقارنىڭ ئېكولوگىيىلىك
سىستېمىدىكى ئورنىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قاراپ ئۇنى
دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا
كىرگۈزگەن ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يا-
ۋايى ھايۋاناتلارنى قوغداش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت قوغداش قانۇنى»، «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتلاق قانۇنى»، «خەۋپ ئاستىدا
قالغان ھايۋاناتلارنى قوغداش خەلقئارالىق ئەھدىنامە-
سى»قاتارلىق قانۇن، ئەھدىنامىلەر ئارقىلىق ياۋايى ھاي-
ۋاناتلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى قوغداشنى قانۇنىي كاپالەتكە
ئىگە قىلغان.

نۆۋەتتە، ئېلىمىز شۇڭقار كۆپەيتىشتىكى ئاساسلىق
رايون بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك رول
ئويناۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز شۇڭقار كۆپ چىقىدىغان
ۋە شۇڭقار ئەتكەسچىلىكى بىر قەدەر ئېغىر بولغان را-
يونلارنىڭ بىرى بولغاچقا ئاپتونوم رايونىمىز بۇرۇنلا بۇ
مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. 1994 ـ يىلى
9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەرقايسى
ساھەلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زور كۈچ ئاجرىتىپ، داغ-
دۇغىلىق ھالدا ئوۋچىلارغا كەڭ ـ كۆلەمدە زەربە بېرىش،
ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇ-
رۇپ ئۈچ ئاي ئىچىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى بولۇپ،
جەمئىي 83 ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىپ، 233دانە شۇڭقارنى
قۇتقۇزۇپ قالغان ھەمدە 608 نەپەر چەت ئەللىك شۇڭقار
ئەتكەسچىسىگە زەربە بەرگەن ⑱ . يېقىنقى مەزگىللەردىن

بېرى ئاپتونوم رايونىمىز بېقىش، كۆپەيتىش خىزمىتىنى
چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، شۇڭقار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتە-
شىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆر-
سەتۋاتىدۇ. گۇچۇڭ ناھىيىسىدە 4 مىليون 600 مىڭ
يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شۇڭقار يېتىشتۈرۈش بازىسى
قۇرۇلۇپ، شۇڭقارنىڭ قۇتقۇزۇلۇش، قوغدىلىش ۋە كۆ-
پىيىشىدىكى ياخشى ماكان بولۇپ قالدى. ئۆز نۆۋىتىدە
شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شۇڭقار قوغدى-
لىشقا ۋە پەرۋىش قىلىنىشقا ئېرىشكەن بىلەن ئۇنىڭ
ھاياتىغا بىۋاسىتە تەھدىت پەيدا قىلىشتىكى ئاساسىي
مەنبە بولغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىشى ۋە ئۇنى تۈزەشكە بولغان ئىزدىنىش، تەتقى-
قات قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى تازا يېتەرلىك
ئەمەس. بۇ جانلىقلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن «ۋابا»
كۆلەڭگىسى تېخى يوقالغىنى يوق. ئەگەر تەبىئەت بىلەن
جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇۋاپىق ھەل
قىلىنمايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار ھامان تەرەققىياتنىڭ
قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغ-
داش ئەمەلىيەتتە كائىناتتىكى ئەڭ چوڭ مەخلۇقاتتىن،
قۇرت- قوڭغۇز قاتارلىق ئەڭ كىچىك جانلىقلارغىچە
بولىدۇ. چۈنكى، زېمىندىكى بارچە جانلىقنىڭ ئۆزىگە
خاس رولى ۋە قىممىتى بولىدۇ. بىرەر جانلىقنىڭ يوقى-
لىپ كېتىشى تەبىئەتتىن ئىبارەت گىگانت گەۋدىدە مەلۇم
كەمتۈكلۈكنى پەيدا قىلىدۇ⑲ .

شۇنى ئەستە ساقلاش كېرەككى، جانلىقلارنىڭ بۈگۈنى
ئىنسانىيەتنىڭ ئەتىسى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ھەر بىر كىشى
تەبىئەتنى ئاسراپ، مۇھىتقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئىن-
سان، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك بىر
گەۋدە شەكىللەندۈرۈشى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل،
سۆيۈملۈك ئالىمىنى قۇرۇپ چىقىشقا ئورتاق كۈچ چىقى-
رىشى تولىمۇ زۆرۈر.


پايدىلانمىلار:

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلى-
قى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 4 ـ
سان.

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3 ـ توم، مىللەتلەر
نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى، 815 ـ بەت.

③ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ توم، 520 ـ
بەت.

④ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 533 ـ
بەت.

⑤ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 151 ـ
153 ـ بەت.

⑥ لۇئىس ھېنرىي مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» (ئۇي-
غۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ قى-
سىم، 173 ـ ، 178 ـ بەتلەر.

⑦ ياڭ شېڭمىي: «ئۇيغۇر تارىخى» (خەنزۇچە)، جىلىن ما-
ئارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 7 ـ بەت.

⑧ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلى-
قى»دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى، 1994 ـ يىلى 4 ـ سان.

⑨ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، شىنجاڭ
مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى، 50 ـ ، 51 ـ بەتلەر.

⑩ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى
مۇلاھىزە ـ تارىمدىن تامچە»ناملىق كىتابىدىن «ئۇيغۇر»سۆزى-
نىڭ ئېتمولوگىيىسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشرى.

⑪ راشىددىن: «جەمئۇل تەۋارىخ»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتى
1983 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ كىتاب، 142 ـ ، 144 ـ بەتلەر.

⑫ ئو. پىرىستاك: «مەھمۇد قەشقىرى كىم»، قەشقەر پېداگو-
گىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 ـ يىلى 1 ـ سان.

⑬ ئابدۇل ئەھەد مامۇت: «‹شېخشۇ›نامى توغرىسىدا» قا-
غىلىق تارىخىي ماتېرىياللىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى (ئىچكى
نومۇر)، 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ قىسىم، 3 ـ بەت.

⑭ ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور
مەدەنىيىتى»شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ
ئاي، 1 ـ نەشرى، 30 ـ ، 32 ـ بەتلەر.

⑮⑰⑱ ما مىڭ، ئاندىرىۋ دىكسون قاتارلىقلار تۈزگەن:
«شۇڭقار قوغداش قوللانمىسى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى
شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى باستۇرغان،
22 ـ ، 28 ـ ، 35 ـ ، 36 ـ بەتلەر.

⑯ ھاجى قۇتلۇق قادىرى: «بىر ئىككىمەن يادىڭدا دۇنيا»
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 56 ـ
بەت.

⑲ ئابدۇكېرىم رەھمان: «مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ۋە دەۋر
تەقەززاسى»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 4 ـ
سان.



ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنس-
تىتۇتى مىللەتشۇناسلىق ئىلمى 2005 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىران-
تى.




### بىرلىكتە ئېيتىڭلار

بىر ھەۋەسكار ناخشىچى داۋاملىق سەھنىگە چىققاندا جىددىيلىشىپ ناخشا تېكىستلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى بىر داڭلىق ناخشىچىدىن بۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سوراپتۇ:

— ئېيتىۋېتىپ تېكىستنى ئۇنتۇپ قالغان ۋاقتىمدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: — كۆپچىلىك بىلىدىغانلار مەن بىلەن بىرگە ئېيتىڭلار! بولامدۇ! - دەپ ئۈنلۈك توۋلايمەن، مەنمۇ بۇنى باشقا داڭلىق ناخشىچىلاردىن ئۆگەنگەن، — دەپتۇ.

### خۇسۇسىي مۇلۇك

ئىت ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ راسا يىغلاپتۇ:

— نېمە بولدۇڭ، ئۇستىخىنىڭنى باشقىلار يەۋالدىما؟ — سوراپتۇ مۈشۈك ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ.

— مېنىڭ خوجىدامنى داۋاملىق ئىزدەپ كېلىدىغان ھېلىقى ئۇستىخان مۇتەخەسسىسى داۋىي ئەپەندىمنى تونۇيسەنغۇ؟ — دەپتۇ ئىت يىغىدىن تېخى توختىماي، — ئۇ بىزنىڭ قورۇدىن نۇرغۇنلىغان ئۇستىخانلارنى تېپىۋالدى، — دەپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. مۈشۈك:

— بۇنىڭغا خۇشال بولماي نېمىگە يىغلايسەن، بۇ يېڭى بايقاش ساڭا پايدىلىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ھەي! سەن بىلمەيسەن، ئۇ مېنىڭ بىر ئۆمۈر يېمەي - ئىچمەي يىغقان خۇسۇسىي مۇلۇكلىرىم ئىدى، — دەپتۇ ئىت بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ.

### دادامنى خاپا قىلماي دېگەن

مۇئەللىم يەنە ئەنۋەرنى تەنقىدلەپتۇ:

— داداڭ ھەر قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىڭنى بىلسە خاپا بولىدىغاندۇ؟

— ھەئە، بەك خاپا بولىدۇ، — دەپتۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ داداڭ بىلسە يەنە خاپا بولىدۇ، — دەپ قورقۇتۇپتۇ مۇئەللىم.

ئەنۋەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇئەللىمگە:

— مۇئەللىم، بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ئىمتىھان ئالمىغان بولسىڭىزلا دادام مەندىن خاپا بولمايتتى. مەنمۇ ئامال بار دادامنى خاپا قىلماي دېگەن.

### سىزمۇ سىناپ كۆرۈڭ

ئوپېراتسىيەدىن چىققىنىغا بىر - ئىككى كۈن بولغان بىمار مەسئۇل دوختۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ باشقا ياتاققا ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. دوختۇر ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىلەمسىز يېنىڭىزدىكى كارىۋاتتا ياتقان كىشى داڭلىق چاقچاقچى ھەم ئېپىزوتچى، ئۇ ئادەم بىلەن خېلى - خېلى كىشىلەر كۆرۈشەلمەي ئىنتىزار يۈرسە تېخى... — دوختۇرنىڭ گېپى تۈگىمەيلا بىمار تېرىكىپ كېتىپتۇ:

— دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىم خاتا ئەمەسقۇ، سىزمۇ يېڭىلا ئوپېراتسىيەدىن چىقىپ، يارا ئېغىزى تېخى تۈتىماي تۇرۇپلا بىر مىنۇت توختىماي ئارام يوقلا كۈلۈپ سىناپ بېقىڭ، ئاقىۋىتى قانداق بولىدىكىن؟






ئورۇقلاشنىڭ ئامالى

بىر ھەپتىلىك ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كىرىپلا قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەنلىكتىن ھېچ نېمىگە قارىماي توڭلاتقۇنى ئاچتىم ـ دە، ھەيران قالدىم، چۈنكى توڭلاتقۇنىڭ ئىچىگە ئىنتايىن گۈزەل، بەدەن شەكلى بەك قاملاشقان، يالىڭاچ بىر قىزنىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق تۇراتتى. ئاپامدىن سورىدىم:

ــ ئاپا، بۇنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چاپلاپ قويدىڭىز؟

ــ ئورۇقلاش ئۈچۈن، ئۇ رەسىمگە ھەر بىر قارىسام نەپسىمنى خېلى يىغالىغۇدەكمەن.

ــ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۈچ كىلو ئورۇقلىدىم. بىراق دادا ھەر قېتىم ئۇ رەسىمنى كۆرگەندە ھەسرەتلىنىپ، ئاچچىق يۇتۇپ كۆپ يەۋېلىپ بەش كىلو سەمرىپ كەتتى.

كىمگە تېگىمەن

ئاپىسى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ قىزىغا دەپتۇ:

ــ مەن ساڭا لايىق تاپتىم، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق شارائىتلىرى بەكلا ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ دادىسى شەھەرلىك تەپتىشنىڭ باشلىقى ئىكەن، ئاكىسى بولسا ئىقتىساد رايونىنىڭ باش لېدىرى ئىكەن. تاغىسى بولسا شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن، ـ دەپتۇ.

شارائىتىغۇ بەكلا ياخشىكەن، بىراق ئاپا، مەن بۇ ئۈچىنىڭ قايسىسىغا تېگىمەن؟ ــ دەپتۇ قىزى.

چۈشىنەلمەسلىك

ئىككى دوست قاۋاقتا ئولتۇرۇپ تازا هاراق ئىچىپتۇ. A يىگىت B يىگىتكە دەردىنى تۆكۈپتۇ: ــ ئايالىم مېنى پەقەتلا توغرا چۈشەنمەيدۇ، سېنىڭ ئايالىڭچۇ؟

B يىگىت جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ مەنمۇ تازا ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن، ئايالىم ئەزەلدىن سەن توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلىپ باقمىغان.

ئوغرىغا يولۇقۇش

ئاممىۋى ئاپتوبۇستا بىر ئەر ئۆزىنىڭ پۇل قاپچۇقىغا سوغۇق قول تەگكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ ھەم دەرھال ئۆرۈلۈپ سىلىق گەپ قىلىپ:

ــ بۇرادەر كەچۈرۈڭ، مەن تېخى ئەتىگەن مۇئاشىمنى ئالغان ئىدىم، بىراق ئايالىمنىڭ قول سېلىشى سىزدىن تېز بولدى.

ئەسلىمە ئۈچۈن...

ئەمدىلا يولدىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ تېخى قاردىلىقى توشمىغان بىر ئايالنى بىر ئەر ئىزدەپ كەپتۇ:

ــ مەن يولدىشىڭىزنىڭ ھەربىيلىكتە بىرلىكتە تۇرغان سەپدىشى ھەم ھازىرغىچە ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان دوستى. ماڭا يولدىشىڭىز ھايات ۋاقتىدا قالدۇرغان ساقلىغۇدەك تەۋەررۇكتىن بىرەرنى بەرسىڭىز، ئەسلىمە ئۈچۈن ئۇبدان ئاسراپ ساقلىسام.

ــ سىزگە بەرگۇدەك باشقا تەۋەررۈك يوق، ئۇنىڭ قالدۇرغان بىردىنبىر تەۋەررۈكى مانا مەن. ئېغىر كۆرمەسىڭىز ئالغاچ كېتىڭ ــ دەپتۇ ئايال.

ھازىر دېمەي تۇرۇڭ

يولدىشى ئۆيدە يۈزلىرىنى يۇيۇپ، ئەمدى ساقىلىنى ئالدىغانغا تەمشىلىۋاتاتتى. سىرتتىن ئايالى كېلىپلا ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ مەن ھازىرلا بىر داڭلىق ماركىلىق خۇرۇم كىيىملەر ماگىزىنىغا بېرىپ كەلدىم. نېمىلەرنى سېتىۋالغىنىمنى ئاڭلاپ باقامسىز؟

ــ ھازىر دېمەي تۇرۇڭ! ــ دەپ جىددىيلىشىپ، ئېرىنىڭ ئۇستىرا تۇتقان قوللىرى تىترەپ كېتىپتۇ.

ــ مەن ئالدى بىلەن قولۇمدىكى ئۇستىرىنى بىر يەرگە قويىۋالاي، بولمىسا ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتمەي!

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزە تۆيغۇن



2007 . 2



تۇرسۇنمۇھەممەت تۇرغۇن
سىزغان





# مەھمۇد چايلىرى







**مەھمۇد چايلىرى** دۇبەي ئالتۇن كايا گۇرۇھى سىرىلانكىدىن چاي خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۆزىنى زامانىۋى ئىلغار پەن-تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سۇنغان ئېسىل سوۋغىسىدۇر. مەزكۇر چاي ھازىر 70 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلماقتا.

25 يىللىق تارىخقا ئىگە مەھمۇد چايلىرى خۇشپۇراق ھەم ئۆزگىچە ئېسىل تەمى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى مەھمۇد چايلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ۋەكالەتچىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ چايىنى ئىستېمال قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. مەھمۇد چايلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مېۋە تەملىك چايلاردىن- ئالما، ئاپېلسىن، شاپتۇل، گىلاس، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ئۈزۈم تەملىكلىرى؛ ئىسسىقلىق دورىلىق چايلاردىن-لاچىندانە، كېنەز چايلىرى يەنە ئەقىكەي چايغا باب كېلىدىغان-قىزىل چاي قاتارلىقلار بار. مەھمۇد چايلىرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بولۇپ، ۋىتامىننى تولۇقلاش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە [illegible] مەھمۇد چايلىرى ئېسىل سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە سەپەر [illegible] مال قىلىشقىمۇ قۇلايلىق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە [illegible] شەھەرلىرىدە ۋەكالەتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. سىزنى[illegible] سېتىۋېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.



**شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنخۇا شىمالىي يولى 108 - نومۇر قىزىلتاغ [illegible]
ئەسىر بىناسى 34 - قەۋەت تېلېفون 0991 8888837